# ئىككى ھەرەم خاتىرىسى

ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

2006-يىل 11-ئاينىڭ 21-كۈنى كەچتە ئۆيدىن، خوتۇنۇمدىن، ئىشخانىدىن ئايرىلىپ 5 سائەت ۋاقىت پەرقى بولغان جايغا ئۇچتۇم، كېچە قاراڭغۇلۇقى ئىلكىدە جىنىم، تېنىم مۇقەددەس جايغا كېتىۋاتقاندا كاللام يېنىمدىكى باشلىق ئەپەندىنىڭ مۇداخىلىسىدىن قۇتۇلالمىدى، ئىدىيە كەلتۈرۈپ چىقارغان كەيپىيات ھەممىنى بەلگىلەپ كېتەلمىسىمۇ، يۈرەكنى قانداقتۇر بىر چەكلىمە ئۆز چاڭگىلىدا ئاندا-ساندا سىقىپ قويىدۇ. ئۆزەمنى ئۆزەم سىقمەن، سىقىپ-سىقىپ قويۇپ بېرىمەن. خۇددى بېسىم، سىقىلىش بولمىسا ئەركىنلىكىم، شادلىقىم، يەڭگىللىكىم بىلىنمەيدىغاندەك. شۇ بوغۇق كەيپىياتنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايمەن. قەلبتىكى ئاسارەت بىر خىل كېسەللىك. بۇ كېسەللىكنى كۈچلۈك ئىمان بولمىسا داۋالىغىلى بولمايدۇ. باشلىق خۇشال بولسا مەنمۇ خۇشال، باشلىقنىڭ قاپىقى تۈرۈلسە مەن دەرگۇمان. قۇلچىلىق مىجەزىنى سىڭدۈرۈۋەتكەن جەمئىيەت نەقەدەر رەزىل، بۇ رەزىللىكنى ئۈن-تىنسىز قوبۇل قىلغان بۇ بىتايىن قەلب نېمىدېگەن پەس! ئاۋازسىز سۈرەتتە بىر ناتونۇش دۇنيا، ئىمارەت(ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى) نىڭ ھەيۋەتلىك كۈتكۈچى قىزلارغىچە ئەكس ئېتىپ تۇرۇپتۇ. ئەرەب بەگلەر بىرلىشىپ باشقۇرۇۋاتقان بۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئەرەب ئىتتىپاقلىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى بولۇپ كۆرۈندى. ئايلىنىپ ئۇچۇپ يەرگە چۈشكەن ئايروپىلاندىن ئايرىلىپ بۇ زېمىنغا، تەرەققىي تاپقان مەنزىلگە، كەڭتاشا ئايروپورت كۈتۈش زالىغا قەدەم باسقىنىمدا ئېسىل كىيىنگەن خىلمۇ خىل ئادەملەر-ئاق تەنلىك، قارا تەنلىكلەر كۆرۈپ باقمىغان بىر شاھمات تاختىسىدىكى شاھ گەردە، توپ، پېچكىلاردەك، بېسىم دەستىدىن ھەممە بىر نىيەتتە، بۇ نىيەت ئىچىدە يەنە ھەر خىل نىيەتتە ئالغا يۈرۈش قىلىۋاتقان ئەسكەرلەردەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

بالىلىرى ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇيقۇسىزلىق، ئاچلىق بىزنى بۆرە قىلىۋەتتى. ئەركىنلىككە ئىنتىلىشلىرىمىز، جاھان كۆرۈش ئىستەكلىرىمىز تۈپەيلى تار قەپەزدەك كۆرۈنگەن بۇ ئايروپورت ھەر ھالدا بىزگە بىر دەم بولسىمۇ ئايلىنىش، مەسچىتتە تاھارەت بىلەن ناماز ئوقۇش، ھەتتا يۇيۇنۇپ ئېھرام باغلاش ئىمكانىيىتىنى بەخش ئەتتى. ئايروپىلان ئالمىشىش ئارىلىقىدىكى 10 نەچچە سائەت كۈتۈش بىزگە كەم تېپىلىدىغان سەۋر-تاقەت، چىدام-غەيرەتنى ئۆگەتتى. 36 دوللارغا كېپىش ئالماي جىددىگە يالىڭاياغ كەتتىم. قولاشماي كەتكەن ئېھراملىق بەدەنگە باشقىچە ھۇزۇر بەخش ئەتتى. ئۆلۈم، كېپەنلىك، ئاخىرەتتىكى(ئاللاھ خالىسا) نۇرانە ئاقلىق (نىجاتلىق)نى ئەسلىتىدىغان بۇ يېپىنچا مەككىگە بېرىپ ئۆمرە تاۋاپىنى تۈگەتكىچە بىزگە مۇقەددەسلىك، پاكلىق تۇيغۇسىنى، مۇسۇلمانلىق شەرىپىنى، ئۈمىدۋارلىق كەيپى ۋە گۇناھتىن پاكلىنىش يەڭگىللىكىنى بەخش ئەتتى. قىممەت كەش، ئېسىل پىكاپ، سۈپەتلىك ماللار، ئىچىملىكلەر تەرەققىيات، زامانىۋىلىق، باياشاتلىق گىرەلىشىپ كەتكەن، ناھايىتى ئاسان ئۇچرىشىپ بىر قازاندا قاينىشىپ كەتكەن ئەرەب مەئىشىتى ھەم شەھۋىتىنى بىزگە ناھايىتى روشەن كۆرسەتتى. مەيلى ئۇ قالسۇن، باقاسى يوق شەھۋەت كۆرۈنۈشلىرى شۇ جايىدىلا قالسۇن. قايتا بارغاندا يەنە شۇنى كۆرگەندە ئۇنچە ھاياجانلىنىپ، ھەۋەسلىنىپ كەتمەيلى، بەربىر يەيمىز، چىقىرىمىز. بەدەن بىر زاۋۇت خالاس! نەپسىمىز: "يەنە بارمۇ مەن يەيدىغان؛ يەنە بارمۇ مەن ئويناپ يايرايدىغان..."دېيىشىنى تا ئۆلگىچە توختاتمايدۇ. جەھەننەم ئوتىدەك تويماس نەپسىمىزنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن دۇنياغا قېيداپ بېپەرۋا بولۇۋالساقمۇ بولىدۇ، ئۇنى چوڭ بىلمىسەكلا بولدى.

مۇقەددەس مەسجىدى ھەرامغا كىرگەندە تۇنجى قېتىمقىدەك (2002-يىلدىكىدەك) ھاياجانلىنىپ تىترەپ كەتمىدىم. سوغۇققانلىق، قەدىردانلىق تۇيغۇسىدا تاۋاب قىلدىم. مەن قۇلۇڭمەن ئەي رەببىم، چاقىرىقىڭغا بىنائەن مەن كەلدىم! دەپ نىدا قىلىپ كەلگەنگە يارىشا بۇ ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن ئورۇنلىدىم. ئۇزاق كۆرمىگەن مۇقەددەس مەسچىتنىڭ مۇزدەك مەرمەر

تاشلىرى پۈتۈمنى ئاجايىپ راھەتلەندۈردى، نامازلىرىم بۆلەكچە ھۇزۇرلاندۇردى. مەقامە ئىبراھىم ئالدىدىن ئۆتكەن تاۋابچىلارمۇ دەخلى قىلمىدى.

تاھارەت بىلەن يۇيۇلماقتا كۇنلەر، ئاق تاش، مەرمەر تاش، بۇ ئىسسىقتا مۇزدەك راھەتنى ئىزدەيمىز . ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر تىلىنى ئاڭلىتىپ مەككىنى خۇددى ئۆز مەھەللىمدەك ئاۋاتلاشتۇرماقتا. بەلگىلەر ئۆتۈشىدۇ، سۆزلەر يادلىنىدۇ. كەيپىيات ھەر ئەسنادا كونىرايدۇ. يېڭى تۇيغۇ، يېڭى ئەندىشە، يېڭى خاپىلىقنى تۇغىدۇ. كۆرۈنمەس بىسىم ئەركىنلىكىمىزنى بوغىدۇ. ئاللا تائالا شۇنداق ھېكمەتلىك زاتكى، ئۇنىڭ سىر-ئەسرارلىرىنى ئۆمۈر بويى بىلىپ بولالمايمىز، پەقەت ھېس قىلىمىز، ئويغا چۆمىمىز. ئاندا-ساندا گاڭگىرايمىز. "ئىنسانىنىڭ ئويغا چۆمۈشى خۇدانىڭ كۈلكىسىنى قىستايدۇ" دېگەن گەپكە زوقلىنىپ كېتىپتىكەنمەن، بۇ ئەسلىدە يەھۇدىيلارنىڭ ماقالىكەن، زەھەرخەندە يەھۇدىيلارنىڭ زەھەرلىك گەپلىرى، زەھەر تارقىتىپ يۈرگەن تەشۋىقات ۋاستىلىرى شەيتانلىرىمىز بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ بولغان گەپ. مۇسۇلمانلارغا خەۋپ، ئازغۇنلۇق ئامىللىرى نەدىن كېلىۋاتىدۇ؟

زەڭگى ئايالنىڭ يۈزى، جادۇ كۆزى، كۆكسى جىددە شەھىرىنىڭ ئۈنتۇلماس ئەسلىمىسى بولۇپ قالدى. كۆپكۆك قىزىل دېڭىزنىڭ يېنىغا بارالمىدۇق. ئوپچە ئىمكانىيەت ئوپچە قىسماقنى قۇردى. ماللىرىنى تاشلاپ نامازغا كەلگەن ئەرەبلەر، كۆچمەنلەر نامازدىن كېيىن يەنە پۇل غېمىدە لاغايلاپ مېڭىشتى. قورساق بىزنى ئالدىراتتى. ئېسىل ماركىغا چوقۇنۇش كېسىلى ئەۋج ئالغان بۇ دەۋردە "بىز يېمەيدىغان مۇشۇك بارمۇ؟"دەپ مالغا دوم چۈشۈپ، بۇ قىلمىشىمىزنى تەبىئىتىمىزگە باغلاپ توغرا چۈشىنىدىغان بولۇپ كەتتۇق. بىچارە شوپۇر ئاچ قالدى. مەن بىرىسىگە ئىچ ئاغرىتسام كىم ماڭا ئىچ ئاغرىتىدۇ؟ كىملەرنىڭ ئەزىزلىرى كىملەرگە خار ئەمەس؟ !

ئۇلۇغ ئاللاھتىن ئۆزەمگە شەھۋەتتىن كېچەلەيدىغان ئىمان تىلەيمەن، كۈچلۈك ئىمان ئارقىلىق كۈچلۈك ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. قەبرە، جەھەننەم ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن.

ئەمەلدە ئىنچىكىلەپ كەتكەن ئىنسان ئۆز پەرۋەردىگارىغا قانچە نازۇك تەۋززۇ، چىن مۇھتاجلىق ھەرىكىتى ۋە تىلەكلىرى بىلەن يېقىنلاشسا شۇنچە ياخشى دەپ ئويلايمەن.

كېچىپىدە تار كوچىنىڭ قاراڭغۇ، تىك داۋانلىق يوللىرى ئەخلەت، ماشىنا بىلەن توشۇپ كەتكەن، يولدا باللار يىلى قالمىغان بىر توپنى تالىشىپ ئويناۋاتقان، مۇشۇكلەر بىر ئەخلەت خالتىسىنى تىرمىلاۋاتقان، ئۆي-ئۆيدە قارا رومالىلىق ئاياللار(بەلكىم نىگىر ئاياللار) يوتقان سىلىۋاتقان بىر چاغدا مەن بەك تويۇپ كەتكەن قارىنىمنى كانارەدك ئىسىپ، يەڭگىلىلىك، يېڭىلىق، كەچمىش، تەسرات ئىزدەپ شۇ يەرلەردىن لاغايلاپ ئۆتتۇم، ئىزىپ قىلىپ تاغدىن چۈشتۇم. شېغىل توپا يوللاردا ياپون ماشىنىلىرىدا كىرىلىپ ئولتۇرۇپ يانفوندا سۆزلىشىۋاتقان ئەرەبلەرگە ھېچ ھەۋەسلەنمىدىم، بىچارە بايلار .

ناماز-ئىبادەتتىن باشقا ھېچ ئىشىنىڭ تايىنى يوق ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ كۈنلەردە تەييارتاپلىققا كۆنۈپ كەتتىم. ئۇيقۇ پۇراپ تۇرغان ياتاقتا جاھاننى كارىۋاتتا مۇجەسسەملەپ، مۇشۇكنىڭ مىياڭلاشلىرىنى .ئاڭلىماي، چۈشۈمدە خوتۇنۇمغا تاش ئېتىپ، ئۇنىڭ ئاتقان تېشىدىن قېچىپ، ھېرىپ-ئېچىپ ئويغىنىپ كەتكەن چاغدا ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىلمان سۇدا تاھارەت يىڭلاپ يېقىندىكى مەسچىتكە چىقتىم .

ئۇيغۇرلار كۆپەيمەكتە، شانلىق قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتقان ھاجىلارغا مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھۆرمەت بىلدۈرۈش كېرەك. ھەر كىمنىڭ ئىخلاسى ياراتقۇچىسىغا ئايان. مۇسۇلمان قېرىنداشىمىز، چىن قېرىنداشىمىز، ئەمما قىلدىن قىيىق كەتسەك  بىر دەمدە ياتلىشىمىز. بەربىر ئايرىم-ئايرىم ئىنسانمىز. مەنپەئەت، قورساق سوقۇشى، قورساق كۆپۈكى پۇچەك كاللىدىنمۇ، سالماق كاللىدىنمۇ تېپىلىدۇ. ئۈچەيدەك چىرمىشىپ كەتكەن ناچار ئوي-خىيال مېڭىمىزدە لوغۇلدايدۇ، باش ھەر ئان لوقۇلدايدۇ.  ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر. ئۇ پىقىر بەندىسىنى ئۇنىڭ تېگى-تەكتى ماھىيىتىگىچە ئەڭ تولۇق چۈشەنگۈچىدۇر. ئۇ ئاتا قىلغان ياخشىلىقتا چوقۇم خەير-ئېھسان بار، ئۇ يولاتقۇزمىغان ھەر ئىشتا (مەيلى

ئۇنىڭ ئامەتلىك ياكى ئاپەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) چوقۇم بىر مېھرىبانلىق ۋە ھېكمەت بار. ئاللاھ ماكرو، مىكرو ئالەم ۋە مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسىگە مۇتلەق ھاكىم ، ئاللاھ توختىماي يارىتىدۇ ۋە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا بىزدەك ئاددىي مەخلۇقنىڭ ئەقلى لال بولۇپ توختاپ قالىدۇ. بىز رەببىمىز بىزگە بىلدۈرگەندىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيمىز. ئاللاھ بۇ دۇنيانى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ "دەۋر" دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئاجىز ئىنسانمىز، ئىمان بىلەن كۈچلەنسەك دەيمىز، بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن غەيبكە ئىشىنىش، ئىبادەت يولىنى تاللاش، سالىھ (ياخشى)ئەمەللەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئورۇنلاش نۇرغۇن ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك بىلىنىدۇ. جاھاندا قايسى ئىش ئاسان؟! بەزى ھوقۇقدارلار ئۆزىنى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى جىمى ئادەملەردىن ئەزىز دەپ ئويلايدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ جېنىنى (بۇ جاننىڭ قىممىتىنى) شۇ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ پۈتۈن جېنىغا تەڭ دەپ قارايدۇ. لەنەت ئۇلارغا دەيمىز، ئەمما ئىختىيارسىز تەپتارتىمىز، جەمئىيەتنىڭ كۆندۈرۈش كۈچى نەقەدەر زور-ھە!

دېمەك، ئاللاھتىن ئەيمىنمەيدىغان بىر بەندە ئۆزىدەك بىر ئادەم، ئۆزىدەك بىر مەخلۇق بولغان ئادەمدىن ئەيمىنىدۇ، تىترەپ كېتىدۇ، باشلىق تاكى ھوقۇقتىن چۈشكىچە دېمىنى ئالالمايدۇ. بۇ قۇلچىلىق، مەھكۇم مىجەزلىك شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم سېلىشى، ئۆزىنى پەسلەشتۈرگەنلىكى بولماي نېمە؟ مۇسۇلمان دېگەن "ئاللاھقا بويسۇنغۇچى" مەنىسىنى تاپالمىسا ئۇنىڭ يەنە نېمە مەنىسى قالسۇن؟ ئويلاپ باقساق ، ئىمان ئۇنچىۋالا ئاددىي ئۇقۇم ئەمەسكەن، ئۇ پۈتۈن روھىمىزنىڭ قۇۋۋىتى ئىكەن. بۇنى كۆپىنچە مۇسۇلمان چوڭقۇر ھېس قىلالمايلا ئۆتۈپ كېتىدىكەن، ئىمان بىلەن ھاياتنى ئايرىپ ياشاپ ئۆلۈپ كېتىدىكەن...

شۇ سېرىق سەتەڭلەرمۇ ئاللاھنىڭ مۆكەممەل سەنئىتى، ئەمما ئۇلارنىڭ روھى چىرىپ بولغانغان. ئاشۇ شەھۋەت يەمچۈكلىرى بۇ دۇنيانىڭ قىيىن سىناقلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ. ئۇنىڭدىن پەقەت ئىمانى كۈچلۈكلەر ئوڭۇشلۇق ئۆتەلىشى مۇمكىن. مەن ئۆتەلمەسلىكىم

مۇمكىن. مەندە قالدۇق زەھەر كۆپ. مەندە زىيادە نەپسانىيەت ، راھەتپەرەسلىك كېسىلى بار، پات-پات قوزغاپ قويىدۇ. ئۆنى-بۆنى دەپ، بىر ھەپتە ئۆتتى. 27-نويابىر كېچىدە بۇ خاتىرىنى جىجىلاپ ئولتۇرۇپتىمەن. سەھەردە ئۆتكەن ساۋابلىق سائەتلىرىم خاتىرىلەشكە ئەرزىيدۇ. ئىككى سۈرە يادلىدىم، ئەمدى مەندە ئىزچىللىق كەم بولمىسا بولاتتى. خەيرلىك ئەمەلدىكى ئىزچىللىق مۇۋاپپەقىيەتنىڭ شوتىسى. ھورۇنلۇق بار ئىمكانىيەتنىمۇ تارايتىپ يوق قىلىۋېتىدۇ. چىڭ ئىرادە بىلەن بەلنى باغلاپ، ساۋاب يولىدا ھەق ئىبادەت، ئىزگۇ ئەمەللىرىمىزنى ئىزچىل ئىجرا قىلالىساق، نەپسىمىزنى گۆزەللىك بىلەن نۇرلاندۇرغان، تەقۋالىق ئارقىلىق قىممىتىمىزنى ئاشۇرغان، شۇ يوسۇندا ئاخىرەتلىكىمىزنى قازانغان بولاتتۇق.

قاراڭغۇدا مەسجىدى ھەرامغا ماڭدىم، قەدەملىرىمگە ساۋاب يېزىلغۇسى. تاڭ قاراڭغۇسىدىن(سۇبھى سادىقتىن) يېرىپ ئۆتكەن ئەزان ئاۋازى تا قىيامەتكىچە ئاڭلىنىدۇ، بىز ئۆلۈپ كېتىمىز، ساناقلىق كۈنلىرىمىز قالدى. رەھمەت تېغىغا، ئەرەفات مەيدانىغا ماشىنىدا كېتىۋاتقاچ ئابدۇلباسىت ئابدۇسەمەتنىڭ يۇقىرى ئاۋازدىكى مۇڭلۇق قىرائىتىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. ئاللاھنىڭ كالامى ئۆز بەندىسىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئاۋازىدا ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ تىلاۋەت قىلىنسا مەن مۇسۇلمان دېگەن كىشىنىڭ قەلبى لەرزىگە كېلىدىكەن، زوقلانساق مانا مۇشۇنداق بەندىلەرنىڭ تالانتىغا زوقلانساق بولىدۇ، مۇڭلانساق مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ خىتاب، نەسىھەتلەردىن مۇڭلانساق، تەسىرلەنسەك بولىدۇ. ئاللاھ ئۇ رەھمەتلىكنى جەننەت مەقامىغا يەتكۈزگەي. رەھمەت تېغى يېنىدا رەسىمگە چۈشكەندە كۆچلۈك قۇياش نۇرىدىن كۆزۈمنى ئاچالماي قالدىم، غۇۋالاشتىم، ئاللاھنىڭ چىرىغى ئالدىدا ئېرىپ يوق بولدۇم، كۆزلىرىمدىن ياش ئاقتى، ھىرا غارىغا چىقىدىغان تىك داۋانغا ماشىنىلىق ياماشتۇق. ئىمانلىق شوپۇرلارنىڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشىدىن ھەيرەتتە قالدىم. گەرچە ھىرا غارىنىڭ ئۆزىنى كۆرەلمىگەن بولساقمۇ، پەيغەمبىرىمىز چىققان، تۇنجى ۋەھيى جايى

بولغان خىسلەتلىك تاغقا نەزەر سېلىپ، ئاجايىپ ئىزگۇ تۇيغۇلارغا چۆمۈلدۈم، ھەيران باقتىم، تارىخنىڭ بىر پەيتى ئۆپچۆرىمىزدە، ۋاقىتتا توختاپ قالدى. بۇ ئاجايىپ چوڭقۇر بىر ئەسلىمە بولۇپ قالغۇسى.

شەيتانغا تاش ئاتىدىغان مەيدان قەۋەتلەپ ئىگىزلەۋېتىپتۇ. شەيتان ھەدىدىن ئاشماقتا، ئادەملەرمۇ بوش كەلمىگۈدەك. رەببانىي روھىم بارمۇ؟ شەيتاننى يېڭىپ غەلىبىگە، نىجاتلىققا ئېرىشەلەمدىمەن ؟ ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بارچە ياخشىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاللاھنىڭ شۈنچە سۈپەتلىرىگە نېمىشقا نەزەر سالمايمەن؟ نېمىشقا قۇرئان ئوقۇپ قەلبىمنى ئارام تاپقۇزمايمەن؟ ماڭا شۇ ئايەتلەر يەتمەمدۇ؟ بۈنى ئۆزەمگە، يېرىمى شەيتانىي ۋەسۋەسىگە تولغان كېسەل كۆڭلۈمگە دەۋاتىمەن.

چۈشتىن كېيىنكى چۈشۈمدە توپ مەيدانىنى، مەيداندا كونا دوستلارنى، تونۇش، چىرايلىق قىزلارنى كۆرۈپتىمەن. ئۈنتۈلۈپ كەتتىم، ھاياتلىققا، ھەرىكەتكە يېڭىلاندىم.

4600 ئادەم تارقاق ھەج قىلغىلى كەلدى، پاكىستاندىن، مالايسىيادىن، تايلاندىن... يەنە كېلىۋاتىدۇ. جاپا، ئاچلىق، كېسەللىك، قاتناش ۋەقەسى.. تۈپەيلىدىن 20 نەچچە ئادەم قازا قىلدى. بەلكىم ئۇلارنى دۆلىتىمىزنىڭ جىددىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئىسپات چىقىرىپ دەپنە قىلدۇردى. ھاياتلارنى 100-ئىشخانا ئۆز پاناھىغا ئالدى. سەئۇدى پادىشاھى ئۇلارغا پەقەت مۇشۇ يىلىلا ئەتىگەنلىك تاماق ۋە ياتاقنى ھەقسىز تەمىنلەيدىكەن. كېلەر يىلى ۋىزا بېرىشنى رەسمى توختىتىدىكەن، بۇ يىل ئاخىرقى پۇرسەتكەن...

خەيرلىك سەھەرنى قوغلاپ يەتتىم. نۇرانە كەچمىش، گۈزەل ئەسلىمە... رازى بول قەلبىم شۇ ئەسنالارغا.

مەككىدىكى بىنالارنىڭ ئۆگزىلىرىگە بالادەك قازانلار ئورنىتىلغان. 300 نەچچە تېلېۋىزىيە قانىلى رەڭگارەڭ ئاياللار، پاھىشەلەر، پاھىشەسىمان سەتەڭلەر، ساقاللىق ئەرەبلەر، ئەبگا قارامتۇللار، تىترىشىم ناخشا-مۇزىكىلار، مۇڭلۇق غىجەك-ئىسكىرىپكىلار، رېتىملىق

دۈمباقلار، تولغىما ئۇسۇللار، جىنايەت، سۇيىقەست خەۋەرلىرى، قىمار ئويۇنلىرى، ئېلان، جىنسىي ئېزىقتۇرمىلار بىلەن لىق توشۇپ كېتىپتۇ... بىر باشتىن يۆتكەشكىمۇ يېرىم سائەت ۋاقىت كېتىدىكەن، كۆزلەر ئالچەكمەن بولىدىكەن، كۆرگەنچە ئىچىمىز تېخىمۇ پۇشۇپ، سىقىلىپ كېتىكەن... تېتىغىدەك نەرسىلەر ئاز، بار بولسىمۇ ئۇنى ھېلىقىدەك ئېزىقتۇرمىلار بېسىپ كېتىدىكەن. دېمەك، سەن بۇ دىل بۇزۇر "شەيتان ساندۇقى" ئالدىدا ئېزىقىشقا مەھكۇمسەن، كالالىڭنىڭ بىر قىسمى ئاللىقاچان بۇ دۇنيا شەھۋىتىگە سېتىلىپ كەتكەن. ئۆزەڭنى، ئىمانىڭنى، سائادىتىڭنى قانداق قايتۇرۇپ كېلەلەيسەن؟!

نېگىر ئايالنىڭ قولىدەك يۇمشاق كەشكە دەسسەپ ماڭدىم، كەپتەرگە دان چاچتىم. چەبدەس ئەرلەرگە، گۈزەل ئاياللارغا زوقلىنىمىز، ئەمما تەقۋادارلارغا زوقلانمايمىز، ھەتتا ئۇنىڭ مۇشەققىتىگە ئىچ ئاغرىتىمىز، ئۇنى ئاجىز، ساددا، گول ئادەممىدۇ دەپ ئويلاپ قالىمىز، ئۇنى بۇ جاھانغا ماسلىشالارمۇ؟ جېنىنى جان ئېتىپ ياخشى ياشىيالارمۇ دەپ گۇمان قىلىمىز، ماھىيەتتە ئۆزىمىز بىچارە، بىچارە تۇيغۇلارنى كىچىك شېرىك(ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش چوڭ شېرىك، كىچىك شېرىك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدىكەن) ئارقىلىق پەيدا قىلىمىز. مۇناپىق كۆڭۈل ئاخىر ئەڭ چوڭ چاتاقنى تېرىيدۇ. ناماز ھەق، ۋەدە ھەق، ئەگەر بىز ۋەدىنى يالغاندىن ئورۇنلىساق زىيىنى ئۆزىمىزگە، چىن ئىخلاس بولمىغان ياكى سەممىيلىك، سەۋر كەم بولغان ۋەدە بىزنى ئاخىر تەڭلىكتە قويۇشى، ھەتتا رەسۋا قىلىشى مۇمكىن. كاززاپ، مۇناپىق بەندە بولۇپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن. ئەمما نەپسىمىزنى يېڭەلمەيلا كېتىۋاتىمىز، ياشلىق ئەسەبىيلىك، قىتىغۇرلۇق دەۋرى دەپ ئۆزىمىزنى ھەر قانچە بەزلىسەكمۇ، ئەقىل توختىشى كېرەك بولغان بۇ ئۆمۈر-رىزىق جەريانلىرىمىزدا ئىمانىمىزنى ھەقىقىي كۈچەيتىشىمىز كېرەك ئىدى؛ ئەپسۇس، ئارمان، كېسەللىك ھەسرىتى، تۈگىمەس نادامەتلەرگە باش ئەگمەسلىك ئۈچۈن روھىي قۇۋۋىتىمىزنى ئاشۇرۇپ، نەپسىي ساتقۇنلۇقنى چەكلىشىمىز ھەم ئۇنىڭدىن غالىپ كېلىشىمىز كېرەك ئىدى؛ ئەمما كېسەللىك قايتا-قايتا قوزغىلىپ تۇپتىن ساقايمايۋاتىدۇ.

قەلبلەر تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى قۇدرەتلىك ئاللاھ بىزنى توغرا يولغا داۋاملىق باشلىغاي، دۈشمەنگە يېڭىلمىگەيمىز، نەپسى شەيتانغا ئېگىلمىگەيمىز. شەيتانغا يېڭىلمەسلىك ئۈچۈن شەيتاننى چۈشىنىش لازىم، رەسۋا، يامان قىلىقلارنىمۇ كۆرۈش لازىم؛ شىجائەتلىك، كەڭ قورساق، ئەركىن پىكىرلىك، ھەرىكەتچان بولۇش لازىم؛ باش پرىنسىپتىن چەتنىمەي، كىچىك مەسىلىلەردە تىزگىنىمىزنى سەل ئەركىن قويۇۋېتىپ، روھىي قۇۋۋەتنى ھىدايەتكە (يېڭى ئىرادە ۋە كەيپىياتقا) باشلاپ، ھەرىكىتىمىزنى مۇستەھكەم قىلىشىمىز، ئىمان ۋە ئەمەلدە تۇراقلىق بولۇشىمىز كېرەك. ئىنشائاللاھ ئاللاھ تىلەكلىرىمىزگە يەتكۈزگەي...

يۇمشاق كارىۋاتتا مۈشۈكتەك ياتماقتىمەن، مەككىدە مۈشۈك ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەن، كاللام گويا ياستۇقتەك يۇمشاپ، بەدىنىم بىرتاغار گۆشتەك ئېغىرلاپ كەتتى. ئەزان چىقىدۇ، ئۇيقۇدىن قوپقاندا ناماز، نامازدىن يېنىپ يەنە ئۇيقۇ، ئىشىك باقارمۇ خۇددى كېسەلدەك ياتىدۇ. قاراپ، بۇ ئىنسانلار قاچان ئۇرە تۇرۇپ ياشايدىغاندۇ دەپ قالىمەن. ئەرەبلەر ماشىنىلىق ماڭىدۇ، تىك يارغا يامىشىدۇ، باللىرى موتودىن پەسكە موللاق ئاتماي چۈشىدۇ، ئۇلار يۈزىنى يۆگەشكە ئامراق ئوخشايدۇ. ماڭا يول باشلىغان بالا ئوغۇلكەن. بىر مۈشۈك بىلەن دوقۇرۇشۇپ ئۆتۈپ كەتتىم. كارىۋاتتا يېتىۋېرىپ قۇرتقا ئايلىنىپ قالماي دەپ، شامدىن يېنىپ بەيتۇللاھقا ماڭدىم، قارا چايشاپلىق ئاياللار ئىچىدە دۈنەر بوتكىسى ئالدىدا چىلىققان قىز تولىمۇ چىرايلىق ئىكەن، مەن ھاياجان بولمىسام ئۇ ئۇنداق كۆرۈنمەيتتى. قىزلارنىڭ گۈزەل جامالى، شەھلا كۆزى، مۈشۈكنىڭ كۆزى... ۋە باشقا ئاجايىپ سېھرى مەنزىرىلەرنىمۇ ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى دەپ ھېس قىلدىم. ھەر ئەسنادا بىر مۆجىزە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئەمما ئادەتلىنىپ كەتكەن كۆز ۋە تەپەككۇر ئۇنى بىزگە ئادەتتىكى نەرسىلەردەك، تەبئىي شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك كۆرسىتىپ تۇرۇۋالىدۇ.

غەرب ماللىرى، غەرب ئىدىيىسى، جۇڭگو مېلى، مالغا چوقۇنۇش شاملى بۇ مۇقەددەس زېمىنىنىڭ تار كوچىلىرىنى قاپساپ، دۇنياپەرەسلەرنىڭ ئازغىنە ئىمانىنىمۇ يالماپ يۇتۇپ

بارماقتا. ياتمەن بەخۇدۇك، كەلگۈسى پىلان لەگلەكتەك ئۇچىدۇ، قولۇم تىترەيدۇ... مەنزىل قايان، راھەتلىرىم قاچان؟ ۋە لېكىن مۇشەققىتىم كېلىدۇ ھامان. تەۋەككۇل دەپ شۇ يەرگىمۇ بارىسەن، ئۆتمۈشنى ئەسلىتىدىغان شىرىن پۇراقلارنى قېنىپ پۇرايسەن، قىزىقارلىق كەچمىش ئۇزاقتا بارمايدۇ، قولايسىز، كۆڭۈلسىز بىر ئىش ھامان يۈز بېرىدۇ. شەيتان، شەيتان... يەنە كۆرۈشمىز شەيتان، بۇ جاھان شۇڭلا قىززىق.

ئەي نادان كاللا، جاھان ساڭا شۇنداق كۆرۈنىدۇ. خىيال ھەممە نېمەڭنى بىزەيدۇ، خالىمىساڭمۇ خالايسەن. ئۆمۈر ئۈيقۇ بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ. ھەر قانچە بىئارام بولسامۇ تەسەللىي ئىزەپ تۇرىمەن. بىئاراملىق كىشىگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ. بەيتۇللاھتا تىنچ ئولتۇرۇپ تاھارەت بىلەن قۇرئاننى تۇتۇپ سۈرە يادلاشتىن بۆلەك ئەھمىيەتلىك ئىشىم قالمىدى. ناماز بىر بەندىلىك مەجبۇرىيەت، ئۆمۈر ئىكەنزارىغا تېرىلىدىغان زىرائەت. شەكسىز بولىدىغان قىيامەتتە شۇ ئەجرىمىز ھېسابقا ئېلىنىپ قالسا دەيمىز. شەكسىزكى، گۇناھ ساۋاب ئارقىلىق ئۆچۈرۈلىدۇ. بىلىپ بىلمەي گۇناھ ئۆتكۈزۈش ئادەتتىكى مۆمىننىڭ ئالاھىدىلىكى بولغاچقا شۇڭا بەش ۋاق ناماز پەرز قىلىنغان بولسا كېرەك.چۈنكى بەندىسىنى بەك ياخشى بىلىدىغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ئاللاھ نامازنى ئاشۇنداق رەھمەت قىلىپ ئەمر قىلغان.

قۇياش بۇ يەردە ئاستا ئايلىنىۋاتقاندەك، ۋاقىت ئاستا ئۆتىۋاتقاندەك، بىكار قالغان باش يامان، ئەشەددىي خىيالدىن دوملاۋاتقاندەك، ئۈيقۇمۇ ھارغىنلىقنى تۈگىتەلمەيۋاتقاندەك، بىر كىم مېنى يوشۇرۇن كۆزگە ئېلىۋاتقاندەك، مېنى كېرەكسىز چىقىرىۋېتىشكە ھەر زامان تەييار تۇرۇۋاتقاندەك، بىراۋ بىلەن تۇيۇقسىز بىر نېمە دېيىشىپ قالىدىغاندەك، ئىمانىم كىشىلىك مۇئامىلىلىرىمدە رول ئوينىيالمايۋاتقاندەك، بىر كىمنى ياخشى كۆرسەم ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ، بىر كىمنى يامان كۆرسەممۇ ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرەلمەيدىغاندەك، زادى بىر ئىشىم ئاقمايۋاتقاندەك، ھېكىم كۆڭۈلۈمگە ياقمايۋاتقاندەك، شۇنىڭ بىلەن ئۆزەمنى دەڭسىيەلمەيۋاتقاندەك، ئاخىر بېرىپ ئۆزەمنى ئەيىبلەپ ھەتتا ئىنكار قىلىۋاتقاندەك... كۈرمىڭ

ھالەت بۇ مۇرەككەپ روھىمدا تۈيۈقسىز چۇقان كۆتۈردى.

ئىزاشەمسۇ كۇۋۋىرەت... تىن باشلاپ يەنە يادلىدىم، كالامۇللاھ قەلبىمگە زەم-زەم سۈيىدەك سىڭمەكتە . "نەپسىڭگە زۇلۇم قىلما ئەي ئاجىز بەندە، ئۆلگىچە يادلا ئايەتلەرنى، كۆر بۇ ئالامەتلەرنى، سەن مۆجىزىسەن، سەن ئەقىل ئىگىسىسەن... " شۇنداق بۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇش كېرەك، ئىچىمىزدىن چىققان نىداغا قۇلاق سېلىشىمىز كېرەك. زاتەن، بىز بۇ مۇقەددەس جايغا ئالالاھنىڭ چاقىرىقىغا بىنائەن كەلدۇق، تەلبىيە ئېيتىپ قويۇپلا ياتاقتا خورەك تارتىپ يېتىش نومۇس. ھەرىكەتتە بەرىكەت، بەرىكەتتە مۇۋەپپەقىيەت ۋە راھەت، مۇۋەپپەقىيەتتە ئۆزلۈك ئىززەت ۋە شەرەپ، شان-شەرەپتە، ئىنشائالالا سائادەت! ئۆلۈم كېلىدۇ ۋە كەلمەكتە، روھلار كۆچىدۇ ھەم كۆچمەكتە. ئۇ دۇنيا بىزنى ۋەھىمىگە سالىدۇ ھەم قىزىقتۇرىدۇ. ئىمان، مۇقەددەس ئىمان، سەن بىلەن تاپىمىز شەرەب-شان...

ئۇخلاش كېيىمىمنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن سىرىلىپ چۈشكەن ئاچقۇچ نامازدىكى كەيپىياتقا تەسىر يەتكۈزدى، سىمۋۇللۇق پاقىراپ تۇرغان بۇ نەرسە شۇ ھامان دىققىتىمنى بۆلۈپ، تەسەۋۋۇرۇمنى قوزغاتتى: نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەت، جەننەتنىڭ ئاچقۇچى تەقۋالىق.

چۈشۈمدە پاسپورتۇم يۈتۈپ كېتىپ، بىر تالىپ تېپىپ ئەكىلىپ بەرگىدەك. يەنە بىر يەرگە (ئەرەب ئېلىگە، بەلكىم مەككىگە) ماڭغۇدەكمىز، قۇشناچىمغا تېلېفون قىلاي دېسەممۇ ئۇلگۈرەلمىگىدەكمەن. قۇرۇلۇش بانكىسىدىكى كۆزەينەكلىك قىز ماڭا بىر نەرسىنى تەشۋىق قىلماقچى بولغاندا مەن خەنزۇچە ئىككىلىك خەت يېزىپ: ئامېرىكىغا بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشنى ئويلىشىپ قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتقۇدەكمەن. ئۇ تەشنالىق بىلەن خەتنى ئوقۇپ كۈلۈپ قويغىدەك.

قاراڭغۇدا چىراغلىرى يورۇپ تۇرغان مەككە كوچىسى گويا بىرلا كوچا، كۆرىدىغىنىم ئۇششاق ماللا، نېگىر ئاياللار، قويدەك مەرەپ ئولتۇرغان كىچىك مېيىپ قىزلار. ھەر قېتىم بەيتۇللاھتىن قايتقاندا، قۇياش بۇ زېمىننى سۆيگەندە كەپتەرلەر ئارىسىدىن ئۆتىمەن. بىر دۇكاندىن خىلمۇ

خىل تىلدا قەسىدىلەر، شېئىر-نەزمىلەر، چۆشەندۈرۈشلەر ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، مەككە مۇكەررەمە ئېكرانىدا لىپىلداپ تۇرىدۇ. تۇگىمىگەن قۇرۇلۇش تاراق-تۇرۇق قىلىپ باشنى ئاغرىتىدۇ.

دۇنيا پىتنىسى يامان پىتنە ئىكەن، ماددىي نەرسە روھىمىزنى ئېزىشكە ھەر زامان تەييار تۇرىدۇ. مال-دۇنيا ئىشقى دىققىتىمنى، ئىشتىياقىمنى شۇنچە تارتقان يەردە، تەقۋالىق، روھىي سۈپەت ھەققىدە ئارتۇقچە پەخىرلەنمىسەم بولغىدەك. غۇرۇرۇم زادى مۇستەقىل ئەمەس، ئاللىكىم ئاللىنېمە دەيدۇ ۋە كۆزەتتە تۇرىدۇ... دەپ ئويلىمىگە، خاس ياشاملىرىمغا تولىمۇ سەل قارايمەن، زىيادە مۇكەممەللىك قوغلىشىپ جېنىمنى ئاغرىتىمەن. ئەمەلىيەتتە(بەلكىم ماھىيەتتە) سىرتقى دۇنيا ۋە كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى زادىلا مەن ئويلىغاندەك ئەمەس، ھەتتا پەرەز قىلسامۇ خاتالىششىم مۇمكىن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، شۇ قەپەزنى توختىماي ياساپ، روھىمنى شۇنىڭغا ئاجىز قۇش كەبى سولاپ، ئۇنىڭ ئاجىز سايراشلىرىنى ئاڭلاپ، شۇنىڭدىن قانائەتلىنىپ، ھەتتا خوش بولۇپ ياشايمەن. ۋاھ بۇ جەمئىيەت...

شەيتان بىلەن روھىي كۈرەش

نېمىشقا دەپ سورىما ئەقىل، شەھۋەت شۇنداق ئەشەددىي جاھىل!

شۇ مىنۇتتا يوقالدى سەۋر، نەپسىم سالدى تۇگىمەس جەۋر.

لەنىتى تەن ئەزىز جانغا تەڭ؟! بىلمەيمەن، ئىمانىم نېمانچە زەئىپ!

قەلبىمدە تاقىتىم، نەپسىمدە سەتەڭ، كېسەللىك دەرۋەقە ئەجەللىك ئەيىپ!

بىر بۇزۇق شەيتىنىم قىقاس سالىدۇ، كاللامغا ساراڭلىق يېتىپ كېلىدۇ،

ئۆزەمگە دۈشمەنلىك تەھدىت سالىدۇ، ئىچىم بىر دەھشەتكە چۆمۈپ كېتىدۇ.

مۆشۈنداق مەرەزدىن گاراڭ بولىمەن، بىر ياندىن تىپىرلاپ داۋا ئىزدەيمەن،

خىيالىم بۆلۈنۈپ ئارام تاپقاندا، قايتىدىن كۆنۈككەن ساراڭ بولىمەن.

بولدى بەس، شەيتىنىم، ئويناتما ساغرا، بىشىمنىڭ تۆۋىدە چالمىغىن ناغرا،

بۇ قەلبىم خەستىدۇر، ئىمانىم يارا، ئۇنىڭغا نېمىدىن تاپىمەن داۋا؟!

بىلمەن ئۆزەمگە ئۆزەم قىيىشمەن، قىتلالما تەپەككۇر جەھەننەمگە كەت!

تولمۇ كونىراپ كەتتى بۇ ئاپەت، ساقايماس تەلۋىلىك سېسىق جاراھەت!

مەيلى مەن قانچىلىك ساراڭ بوپ كېتەي، ئەي رەببىم ياشاتقىن، ياشاتقىن مېنى،

ئارزۇيۇم: ئاخىرەت ماڭا كەلگەندە، خىيالىم ۋەجىدىن سوتلىما مېنى.

قېشىڭغا قەلبىم نۇر، يۈزۈم نۇر كېتەي، كېسىلىم جەننەتتىن توسمىغاي مېنى؛

دۇئايىم، ئەمەلىم ئاز بولسىمۇ گەر، دەھشەتلىك دوزاختىن ساقلىغاي مېنى!

ئاپام بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشتۈم، يۇرتتا قار يېغىپ، سوغۇق بالدۇر چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئاكىلىرىم سوغۇقتا قاتتىق يەرنى چېپىپ ئۈزۈم كۆمۈۋېتىپتۇ... مەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن؟ كۈندە بىكارچىلىق، پۇلنىڭ ھېسابى، دوپپىنىڭ سەتلىكى، تونىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى، ئويۇن، غىدىق بىلەن تولغان ئېكرانىنىڭ يۆتكىلىشى، تاماقنىڭ بىر مۇنچە قىقاس-چۇقان ئىچىدە يەپ تۈگىتىلىشى، ئۇيقۇ بىلەن ئەزاننىڭ قارىمۇقارشى گىرەلىشىپ كېتىشى... ئاساسلىق تۇيغۇ تۈگۈنچەكلىرىم بولۇپ خاتىرە يېپىغا تىزىلدى. خوتۇنۇمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئاۋازدىلا قالدى، گېپىمۇ پارچە-پۇرات، ھېچ ئىشىمنىڭ تايىنى يوق. چېچىم چۈشۈرۈلگەن بىلەن كاللام كونا ھالەت ئىچىدە قېلىۋەردى، بىخسىپ كەتكەن، قارغىشتەگكۈر خىياللار قىتىغۇرلۇقىنى قىلىۋەردى، كونىراپ قالدى، دۈشمەنلىك يېڭىلاندى، سەۋر كەملەپ قالدى. ئەتىكى ئىرادەم قەدەملىرىمگە مەدەتكار بولغۇسى...

ئاق تونىنىڭ ئىچىدە لەرزان لەپىلدەپ مەسجىدىل ھەرەمگە كەلدىم. روھىم تۈزەلمەيدىغان مەخلۇق ئىكەنمەن، تەبىئىتىم شۇنداقمىدۇ؟ فىترەت قىسمىتى شۇنداق پۈتۈلگەنمىدۇ؟ ئۆلۈمۈم قاچان، قەيەردە يۈز بېرىدىغاندۇ؟ نام-شۆھرەت شۇنچە مۇھىممىدۇ؟كەپتەرلەر ئاجايىپ ئەركىن، تەبىئىي ياشايدۇ، ۋىجىككىنە باش، بىر جۈپ قانات. پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا شۇنداق قابىلىيەت ئاتا قىلغان. پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە بەرگىنى ئەقىل، مۇكەممەل ھەم مۇرەككەپ كاللا

ۋە ئېغىر تەن. بۇ مۆرەككەپ كاللا پەرۋەردىگارىغا ئاسىيلىق قىلىشقا يارايدۇ، دۇنيالىق مەئىشەتنىڭ قېتىدىن چىقالمايدۇ. شۇ ئاندا قىيامەتكىچە ياڭرايدىغان ئىسلام شوئارى- ئەزان قانچە ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ ئۆتىدىغاندۇ؟ ياكى قانچىلىغان ئىنسان بۇ تەكرارلىققا پەرۋاسىز قارايدىغاندۇ ھەتتا بىلىپ-بىلمەي زېرىكىدىغاندۇ؟ شەيتان لەئىن قەدەمدە بىر بىز بىلەن قېيىشىدۇ، ئۆمرىمىز شۇنداق ئۆتىدۇ، ئىمان نۇرىدىن قەلبىمىز يورۇپ تۇرىدىغان كۆڭۈلەرنى تىلەيلى.

تېلېۋىزىيە فىلىمىدە بىر ياپون ئەمەلدارى كۆزى چۈشكەن چىرايلىق بىر جۈڭگولۇق قىزغا باسقۇنچىلىق قىلدى. قىزلىقنى بۇزۇش ياپونلارنىڭلا ئەمەس، بارلىق ئەرلەرنىڭ شەيتانىي غايىسى. شەيتان باللىرى ئادەم باللىرىدىنمۇ كۆپمىدۇ؟ بۇ بۇزۇقچىلىق ۋە بۇلغانغان روھنىڭ چېكى نەدىدۇ؟ تۇزەلمەيدىغان روھ، چىقماس داغ كىشىنىڭ ئىچىنى ھەقىقەتەن سىقىدۇ. پاكلىق، پاكىزلىققا يەنىلا يېپىشىپ تۇرۇش كېرەك .ھاياتتىكى تەپسىلات "كېيىمىڭنى سال" دەپ سۇرلۇك چەكچىيىپ تۇرغان ياپونلۇق، نازۇك تېنى، چىرايى چەيلەنگەن جۈڭگولۇق قىز، سىرتى، ئىچى رەڭگارەڭ شەيتان... روھىمىزدا ئورتاق چاۋاك چالىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ تاماشىبىنى. شەيتان دېگەن بۇ مەخلۇق ۋە تىلىمىزدا بۇ ئۇقۇم بولمىغان بولسا يامانلىق، ئوساللىق، پەسلىك، ناچارلىقلىرىمىزنى قانداق سۈپەتلەپ، گۇناھىمىزنى نېمىگە ئارتار بولغىيدۇق؟! شەيتان ھەقىقەتەن مەۋجۇت، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ، ئەشەددىي يامانلىقىمۇ بىر سىر، چەكلىك كاللىمىز بۇزۇق خىيالدىلا توختاپ قالىدۇ، ئىمان نۇرى ئۆزىنىڭ تەمكىن، كەڭ جۇلاسىنى يەنىلا نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا پەرۋەردىگارغا چەكسىز قايىللىق بىلەن ھەمدۇسانا ئېيتىپ تۇرىمىز .ئۆزىنى ئاخماق قىلغانلار جۇملىسىدىن بولۇپ قالماي دەيمەن. ئىلىم-ھېكمەت ھورۇنلارغا يېقىن يولىمايدۇ، ئىلھام ھەم شۇنداق. قۇياش پارلاق بۇ ماكاندا كۈندۈزى ئۈيقۇ ھۆكۈمران، كەچتە كوچا-كويلاردا چىراغ يورۇقىدا سودا، تىرىكچىلىك قىززىپ كېتىدىكەن .

قورساق ئاغرىقىمۇ بىر زۇلۇم. مانا بۇ تەنىنىڭ ئاسارىتىدىكى جاننىڭ قىسمىتى .شۇنچىلىك

ئىنسان بىز. قورساق ئاغرىقىدىنمۇ دەھشەتلىك، شەھۋەتخورلۇقتىنمۇ نېگىزلىك كېسەل-ئاغرىقلارنى تارتىمىز. بىزنىڭ ئىدارىدىكى پېشقەدەم خۇيزۇ رەئىسلەردىن بىرى ئۆلۈش ئالدىدا شاھادەت ئېيتىپتۇ، يەنە بىرى، ئۆلۈشكە ئىشەنمەي، ئەمدى خىزمەت قىلماسلىق ھەققىدە دەرت تۆكۈپتۇ. "ئادەمنىڭ يېرىم تەبىئىتى شەيتان" دېدى ئۆمەك باشلىقىمىز. قارىغاندا ئۇ بۇ گېپىگە بەك ئىشەنسە كېرەك. دەرۋەقە، ئادەمنىڭ يۈزەكى ھالىتى قېتىدا كۆرمىگ قىتىغۇرلۇق، بەدبەشىرىلىكلەر تولۇپ ياتىدۇ، ئىنسان دەھشەت مەخلۇق، يامانلىققا ئەسلى تەبىئىتىدىن ھەۋەسلىنىدۇ، ئۇنتۇغاق كېلىدۇ(ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئۇنتۇپلا تۇرىدۇ)، غەزىپى كەلسە يىرتقۇچ ھايۋاندىنمۇ ئۆتە ۋەھشىلىشىدۇ .ئۆلۈمدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇيۇ، ئۆلمەيدىغاندەك ياشايدۇ. تەكلىپ قىلىنغان شەرىئەتكە بويۇنتۇرۇق، كىشەنگە قارىغاندەك قارايدۇ، ئۇنىڭدىن قاچىدۇ، ئەركىن ياشايمەن دەيدۇ، ئەمما ئەركىنلىكىمۇ تايىنلىق؛ ئۇ ھەرگىز ئەركىن بولالمايدۇ، ئۇنى دۇنيادىكى جىمى نەرسە چەكلەپ تۇرىدۇ، چەكلىك ئىمكانىيەت، جەمئىيەت ئۇنى ھەر ياقتىن قورشاپ تۇرىدۇ، ئۆلۈم ئۇنى تېخىمۇ ئەركىن قىلمايدۇ ۋە ئارمىنىغا يەتكۈزمەيدۇ. " نەگە بارىسىلەر؟ "دېگەن ئايەت شۇنچىلىك ۋەزنى ئېغىر، چوڭقۇر ئايەت ئىكەنكى، بىزنى يول ئىشارىتىنى تېپىشقا، تاپقاندىن كېيىن جەزمەن تىرىشىپ شۇ يولدا مېڭىشقا ئۈندەيدۇ .

كېچىدىن ئاجايىپ شىرىن چۈش كۆرۈپتىمەن. تۈنجى مۇھەببەت ۋىسالىغا يېتىپتىمەن. رىئاللىقتا ئۇنتۇلۇپلا قالغان ئۇ قىز، ئۇ ئىسىم، ئۇ ئوبراز چۈش مۇھىتىدا- تولىمۇ رومانتىك، گۈزەل مۇھىتتا زاھىر بولغاندا ئېسىمدە ئۇنتۇلغۇسىز بىر كەچمىش ساقلىنىپ قالدى :بىللە كافېي ئىچىپتۇق. رېستۇران، دېسكوخانا، ئاشقىلار باغچىسى كىنو ئېكرانىدەك ئۆتۈشتى. دېسكوخانىغا بارايلى دېيىشىمەن ئۇنىڭغا. ئۈرۈمچىدىكى ھېلىقى ئەسەبىي دېسكوخانا يادىمغا يەتتى. ماڭغۇدەكمىز، بىر دۆڭلۈك دالىغا چىقىپ قالغۇدەكمىز. "سېنى بەزىدە كۆرگۈم كېلىدۇ"دېگۈدەك ئۇ. "مەنمۇ شۇ" دېيىشىمەن. 7 ياشلىق قىزى بار بىر چوكان، 3 ياشقا كىرەي

دېگەن قىزى بار بىر ئەر رىئاللىقنى، يىللارنى ھالقىپ ئۆتۈپ) باللىرىنى تاشلاپ قويۇپ) چۈش مۇھىتىدە تېپىشتى. يالغان! ئۇ دېگەن مېنىڭ كىنوسى، مەن بىر چەتتە تاماشىبىن بولۇپ كۆرۈپ ئولتۇرىمەن. ئەمما سەزگۈلىرىم ئۇنىڭغا بىۋاستە قاتناشتى، مەن ئۇ كىنودا ئاساسلىق رول ئالدىم. بۇنى نېمە دەيمەن؟ ئاياغلاشماس چۈش، ھېچكىم چۈشتىكى گۇناھلىرىدىن سوراققا تارتىلمىسا كېرەك. تۆنۈگۈن ئايالىمنىڭ ئىشى سۈغا چىلاشقاندەك قىلىۋىدى، بۈگۈن، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۈمىد تۇغۇلدى، بۇ يەرگە كېلىدىغان ۋاقىت ئېنىق بولدى. خوتۇن ھەقىقىي ۋەتەن، خوتۇن ھەقىقىي تۇرمۇش، خوتۇن ھالال جىنسىي مۇھەببەت، خوتۇن باشنى ئوڭشايدۇ، خوتۇن ئۆزەڭنى تونۇتىدۇ، سېنى جىن تەگكۈر قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ كۆز ئالدىڭدا دىققىتىڭنى بۆلۈپلا تۇرىدۇ، بىھۇدە خىيالغا ئورۇن قالدۇرمايدۇ.

قەلب ھوزۇرى كىچىككىنە ئىشلاردىن باشلىنىدۇ. مۇرەككەپلىكتە ماڭىمىز، جۆيلۈيمىز، قولىمىزنى كېسىۋالىمىز، بىر كىمگە سوقۇلۇپ كېتىمىز، زادى ئارام تاپمايمىز. شەھۋەت بىلەن غەيۇەت كىشى ئىمانىغا تىغ كۆتۈرىدىغان ئەشەددىي ئاپەت. خىيالىمدىن غىل-پال كۆرۈنۈپ قالىدۇ بىر بەدبەشىرە، رەزىل قىياپەت. ئۇ كۆزۈمگە شۇنداق يىرگىنىشلىك، بىچارە كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئىچ ئاغرىتىمەن، ئىچ ئاغرىتمىسام قانداق قىلىمەن؟ چۈشەنمىسەم، سەۋر قىلمىسام تۇگەشمەمدىمەن؟ روھىي بۆلۈنۈش كېسىلى ئەمەسمەن، ئەمما خاراكتېرىمدىن قۇتۇلالمايمەن . پىترەت ئىرادەمگە باقمىغان ھالدا مەۋجۇت، مەندىن كەسكىن، تېز ئىرادە يوق، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ياشاش ئىرادىسىلا بار. تاماقنى ھەر قانچە ئوخشىتىپ ئەتسەڭمۇ، ئۆزەڭ ئەتكەننى ئۆزەڭ يەپ ماختىساڭمۇ، باشقىلارنىڭ باھاسى ھەممىدىن مۇھىم تۇيۇلىدۇ؛ باشقىلار، ئاللىكىملەر بىزنى باشقۇرۇۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ئۆزگىلەر سۆيۈملۈك، غەرەزلىك، غۇرۇرلۇق بىر كىملەر. بىراۋلارنىڭ ئاسارىتى بۇ دۇنيادا يامان ئاسارەت، ئەمما بۇ ئاسارەتتە خۇشاللىق، سائادەت كۆمۈلۈپ ياتىدۇ، خىلمۇ كەيپىيات ئۆمۈر ئېقىنىغا قوشۇلۇپ گاھى لاي، گاھى سۈزۈك ئاقىدۇ. نەپسىمىز بىزنى دائىم ئېزىدۇ، قەلبىمىز قۇرۇقدىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. ئىماندىن نۇر ئالمىغان

قەلب گۆرىستانلىقتا، ئىمانسىز ئىنسان ئۆلۈككە ئوخشايدۇ. ئاللاھ ھەرىكىتىمنى ھېسابقا ئالىدۇ، ئۇ كاتتا رەھمەت ئىگىسى .

ئىنسان ئېھتىياجى ماددا بىلەن روھنىڭ ئىسيانىدۇر. ئۇنتۇغاق كاللا خۇشاللىقنى دائىم يۇتتۇرۇپ قويىدۇ. قوغلاندى شەيتان قورساقتىكى يەلگە ئوخشايدۇ، چىقىرىپ تۇرسەن، پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. مەنىلىك كۈنلەرنى تەقۋالىق بىلەن بېزەش لازىم .مەۋجۇت ھەر نەرسە، ھەر ئەھۋال ئاللاھ تەسەررۇپىدىن ھەرگىز چەتنىيەلمەيدۇ، قىسمەت، تەقدىر رەببىمىزنىڭ ئىلكىدىن ھەرگىز چىقىپ كېتەلمەيدۇ. تەمكىن ياشا، ساغرا ئويناتقان قىزلارنى ئىگىلەش خىيالى قۇرۇق خىيال، خىيال-ئىستەكلىرىڭ شەھۋەتتىن بالقىپ باققانمۇ؟ بىرەر قىممەتلىك ھەرىكىتىڭ ئۆزەڭدىن ھالقىپ باققانمۇ؟! يولدىن ئېزىپ قالغان ئىككى ئۈيغۇر ھاجىنى جايىغا ئاپىرىپ قويدۇم، خۇشاللىق مانا مۇشۇنداق ياردەمدە، ياخشى ئەمەللەر كىچىك بولسىمۇ ساۋابلىق، ناچار ئەمەللەر ئازغىنە بولسىمۇ ئازابلىق. مەككىنىڭ بۇلۇتلۇق ئاسمىنى ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى، نامازدىن قايتقاندا يامغۇر تامچىلىدى. نېگىر ئاياللار ۋە بالىلار رەھىم كۈتۈپ "سەبىلىللاھ" (ئاللاھ يولىدا) دەپ قوللىرىنى سوزۇپ تۇرىدۇ، كېسۋېتىلگەن قولنىڭ ئورنىدىكى مۇنەك گۆشلەر ئەلەم بىلەن مىدىرلايدۇ، قارىماي ئۆتۈپ كېتەمىز، كىشىلەر تاش يۈرەكلىشىپ كەتكەن، دۇنيا ھېرىسى قاتمۇقات ئورىۋالغان. مەسچىتتىن چىقىپلا نامازنىڭ روھى بارا-بارا سۇسلاپ كېتىدۇ .كۈنۈپ كەتتۇق، تىلەمچىلەرنىڭ سەممىيىتىدىنمۇ گۇمانلىنىمىز. دۇنيا مۇسۇلمانلىرى كۆپەيمەكتە، مەككە، بەيتۇللاھ بارغانچە ئاۋاتلىشىشقا، قىستاڭچىلىق كۆرۈلۈشكە باشلىدى، ئەزىيەت چېكىش كېرەك. كىچىك مەسچىت ئىمامىنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتى ئۆلۈم ئالدىدا ياڭرىماقتا.

يات تىللارنىڭ قايمۇقشىدا گاچىلىشىپ قالىمەن، تەپەككۇرۇم ئانا تىلىمنى چۈرىدەيدۇ، ئەمما ئۆز تىلىمنمۇ كۆڭلۈمدىكىدەك راۋان ئەمەس، ئۇقۇم ئەبجەش، كاللا غەللەغەش، پەقەت يېزىقلا تىلىمغا ئارام بېرىدۇ. ئادەم ئوخشىمىغان تالانت، قابىلىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى. خاسلىق ھەر

ئىنسانىدا نۇر چاچىدۇ. چولپانلار بىر قەدەر ئالاھىدە چاقنىسا كېرەك. ئەرەبچىدە ھەممە گەپ "مافى مۇشكۇل" (چاتاق يوق) دېگەن گەپتەك قەدىناس، پىششىق بولۇپ كەتكەن بولسا-ھە! ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، تىل بىر سېھىرلىك ئويۇن، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، سۆزنى تەرتىپلەشتۈرۈش ئىقتىدارى، ئىنكاس تېزلىكى... دېگەندەك ئامىللار بىراۋنىڭ تىل ئىقتىدارىنى سىنايدۇ، ئۇنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ ياكى دۆتلەشتۈرىدۇ .

تارقاق ھاجىلار 5000 غا يېتىپتۇ، پاكىستاندىن 1200 دوللا خەجلەپ كەلگەنلەر كۆپكەن، ھاجىلارنى ئالدىغان ھەر تۈرلۈك قويمىچىلار 100-ئىشخانا خادىملىرىنى تېرىكتۈرۈپتۇ. ھارام، ھارام... -دەپ سۆزلەپ كەتتى بۇرۇتلۇق ئەرەب- پەقەت مۇشۇ جۇڭگو ھاجىلىرىلا تارقاق، چېچىلاڭغۇ كېلىۋاتىدۇ، نېمىشقا تەشكىللىك ئەكەلمەيسىلەر؟... نېمىشقا، زادى نېمىشقا ...

تۈركىيە ھاجىلىرى بىزنىڭ بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراققا قاراپ ئۆتۈپ كەتتى .

نامازدىن كېيىن خۇشلۇقۇمدا خەلق ناخشىلىرىنى غىڭشىدىم. قىرائەتتىن كېيىن ناخشا، نامازدىن كېيىن ئۇسسۇل، تەنھەرىكەت. ئۇ دۇنيالىق ۋە بۇ دۇنيالىق بولۇپ نۇرغۇن فىترەت(يارىتىلىش خۇسۇسىيىتى)، قابىلىيەت ئېھتىياجلىرى، كۆڭۈل تەقەززالىرى ئالمىشىپ جۇش ئۇردى، بولاقتەك قايىندى. كېپەنلىكلىرىنى زەم-زەم سۈيىگە چىلاپ يۈيۈپ قۇرۇتۇپ، ئۆلۈمگە تەييارلىنىۋاتقان خۇيزۇ ھاجىلىرى مەككە كوچىلىرىدا لەكىلدەپ يۈرمەكتە .

ئۆمەكتىن كەلگەن ساغۇچ پەلتولۇق ئۇيغۇر ھاجىلىرى خۇشال، خاتىرجەم كۆرۈنىدۇ، بولارنى كۆرگەن تارقاق ھاجىلىرىمىز: بۇ ھاجىلىرىم ئارانلا بىر ئاي تۇرىدۇ، مەككىنىڭ باغرىغا قانمايدۇ... دەپ ئويلامدىغاندۇ؟ قەشقەرلىق ھاجى خېنىم توڭ تەگدى، ھۆكۈمەت خادىمىدەك كۆرۈنۈشۈم بەلكىم ئۇنىڭ ئىچىنى سىقتى. ئاددىي-ساددا، كەڭ قورساق مۇئامىلە ھەممە ئادەمگە، ھېچ بولمىغاندا كۆپ سانلىق ئادەمگە ياقىدۇ. بۇ دۇنيا، بۇ كۈن، ھەتتا مۇشۇ پەيتتىكى ھەر سائەت، ھەر مىنۇت ھەرگىز باقىۋەندە ئەمەس، كەچمىش ھەرگىز يېڭىلانمايدۇ، ۋاقىت ئۆتكۈزۈلمەي ئىچى پۇشۇپ كېتىۋاتقانلارغا ئىست! شەھۋەتتىن باشقا ھوزۇرىنى تاپالمايدىغانلار

بىچارە، ھالال يول خۇش پۇرايدۇ، بىراق بىز دائىم زۇكام بولۇپ يۇرگەچكە ئۇنى ھىدلىيالماي قالىمىز. ئىچىمنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالاي، ھەر نەپەسنىڭ ئاللاھنىڭ بۈيۈك نېمىتى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماي. ئىچىڭنى سىقما، دۇنيا رەڭگارەڭ .

سانسىز ئۇششاق بېلىقلاردەك تېپىنىچ ئۈزۈپ يۈرۈشكەن چۈشلىرىم رېئاللىقنىڭ ئويغىتىشى بىلەن تەرەپ-تەرەپكە تاراپ چېچىلىپ كەتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ھەۋۋا ئانىغا: "كەل مېنىڭ گۆشۈم، تېنىم" دېگەنىكەن. ھەۋۋا ئانا ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتكە كىرىشتىن بۇرۇن يارىتىلىپ بولۇنغانىكەن. ئادەم ئاتا جەننەتتە ئەسىردىن شامغىچە تۇرغان دېگەن قاراش پەرەز پېتى قاپتۇ. چەكلەنگەن مېۋە زادى قانداق مېۋە؟ شەيتان جەننەتنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىمىزنى ئازدۇرغانمۇ ياكى تېشىدا تۇرۇپمۇ؟... دېگەندەك مەسىلىلەرنى كوچىلاپ تەتقىق قىلىش پەقەت خىلمۇ خىل پەرەز، ئىختىلاپ تۇغدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇنچە چوڭ ئەھمىيىتىمۇ يوق. بۇرۇنقى بەزى ئۆلىمالار ئاشۇنداق مەسىلىلەرگە تولا ئېسىلىۋېلىپ، زېھنىنى ئۇپرىتىپ، ساقاللىرى ئاقىرىپ قېرىپ ئۆلۈپ كەتكەن. بەزىلىرى ھەتتا شەك، گۇمانغا چۈشۈپ ئېزىپ كەتكەن، ئازغان پېتى ئۆلۈپ كېتىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن. تۆۋە قىلىۋېلىش، ئىبادەت قىلىۋېلىش پۇرستى قىممەتلىك پۇرسەت. بۇ ئۆمۈر ئەمەلىيەتتە كاتتا ئامەت، شاراپەت، بەخت-سائادەت؛ مۇشەققەتمۇ خۇددى ئەيلەنگەن خېمىرنىڭ ئېچىتقۇسى، تۇرمۇشنىڭ تۇز-تەمى جاپا ئارقىلىق تەمشىلىدۇ، ئاندىن تېتىيدۇ. "ئۇرۇقدا بولسا توپىسىدا تېتىيدۇ". جاننى ئۇپرىتىش ئەقىلنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە بولۇشى، ئۇنىڭ بەدىلى مۇۋەپپەقىيەت ئارقىلىق تولىنىشى كېرەك .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلغان يولنى ماشىنىدا 4 سائەتتىن ئارتۇق مېڭىپ تۈگەتتۇق. مۇقەددەس زېمىندا قۇرئان ئاڭلاپ مېڭىش باشقىچە ھوزۇر. پەيغەمبەر مەسچىتىگە بېرىپ يالغۇز ناماز ئوقۇدۇم، كەڭرى مەيداندىكى مۇسۇلمانلار جامائەسى قىيامەت كۈنىدىكى ھەشىر-نەشر (توپ-توپ يىغىلىش) ۋاقتىنى قىياس قىلدۇرىدۇ. مەسجىدىل ھەرەمگە سەھەردە

ماڭغاندا كەينىمگە قاراپ باقتىم، مۆمىنلەر توپ-توپ بولۇپ كېلىشىۋاتاتتى، مەسچىت ئىچىدە ئاياللار قەسىدە ئوقۇۋاتسا كېرەك. ئىنسانلار خىلمۇ خىل ئىشلارنى ئاللاھ ئىزنى بىلەن ئويلاپ تېپىپ تۇرىدۇ. ئاربلاشما ئىشلارنى بىلىپ-بىلمەي قىلىپ، كۆڭۈل تەقەززاسىنى قاندۇرۇپ يۈرۈيدۇ. پەيغەمبەر مەسچىتى باشقىچە ھەيۋەت كۆرۈندى، مەيدان 4 يىل ئاۋۋالقىدىن سەل ئۆزگىرىپتۇ. بىز ئاجايىپ سەنئەتلىك بىر دۇنيادا ياشايدىكەنمىز، دۇنيانىڭ ۋە روھىمىزنىڭ جەلپكارلىقىغا ئەسىر بولىدىكەنمىز، دۇنيادىن بىزار بولۇپ جېنىمىزدىن تويىدىغان سائەتلىرىمىز بەكمۇ ئاز بولىدىكەن. بۇ ئامانەت جان ئاشۇنداق تاتلىق ئىكەن، جېنىمىز ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىمىزنى يەنىلا بۇ جاننىڭ ئىگىسىدەك، ھېچ بولمىسا ۋاقىتلىق خوجايىنىدەك ھېس قىلىپ، ئامانەتكە ھەرگىز خىيانەت قىلغۇمىز كەلمەيدىكەن، ئۇنى كۆز قارىچۇقىمىزدەك ئاسراپ پۈتۈن جەھلىمىز بىلەن قوغدايدىكەنمىز. ئەمما بىز باتۇرلۇقنىڭ ئۆمۈرنى قىسقارتالمايدىغانلىقىنى، قورقۇنچاقلىقنىڭ ئۆمۈرنى ئۇزارتالمايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمىز. ئەجەل يەتكەندە روھىمىز تۇتۇپ قېلىنىدۇ، كەلمىسە زېمىندا سەير قىلىپ يۈرىۋېرىمىز، بۇنىمۇ چوڭقۇر ئويلاپ باقمايدىكەنمىز، گويا مەڭگۈ ياشايدىغاندەك تۈيغۇدا ھاياتلىققا ئاجايىپ بېرىلىدىكەنمىز، ئاچكۆزلىشىدىكەنمىز، بىر كىملەر بىلەن بىر نېمىنى تالىشىدىكەنمىز، خاپىلىشىدىكەنمىز، ئۆپكىمىز، يۈرىكىمىزنى سىقىپ ئاچچىقلىنىپ، غەزەپلىنىپ، ھاسىراپ تىنىقلىپ كېتىدىكەنمىز، ئۆچ-ئادەۋەتتىن ئىچىمىزنى شەلۋەرىتىپ، زەھەرلىك يىلانغا ئايلىنىدىكەنمىز. ئىنسان ئۇنتۇغاق، ئەخمەق، بەدبەخ بولمىسا ياشىيالامدىغاندۇ؟ شەھۋەت، ھاۋايى ھەۋەس، نەپسى بالادىن بىر دەم يىراقلاشسا نەپەسلىرى يېتىشمەي ئۆلۈپ قالامدىغاندۇ؟ مۇشەققەتكە سەۋر قىلىش ئىرادىنى چىڭىتىدۇ، ئىمكان بار تۇرۇقلۇق گۇناھتىن قېچىش تېخىمۇ چوڭ سەۋر-تاقەتنى، ھەقىقىي تەقۋالىقنى تەلەپ قىلىدۇ. مەلۇم كەيپىياتتا تۇيۇقسىز تەقۋالىشىپ كېتىمىز، يەنە بىر بۆلۈك، ئۇزۇك-ئۇزۇك روھىي ھالدا ھاۋايى ھەۋەسكە تەسلىم بولۇپ، ئىمانىمىزغا تەسەللىي ئېيتىمىز.

بىر يۈزىمىز شەيتان دەپ شەيتان لەئنەتگە ئىشلىك ئىچىپ بېرىمىز. ئۇ مەلئۇن بىزنى خۇشال ئوينىتىپ بىخۇتلاشتۇرىدۇ، يامان خىيالنى ھەسسىلەپ تۇغدۇرىدۇ، ئىچىمىزنى قارىغا، سېرىققا بويايدۇ، ئىدىيىمىزنى پاخاللاشتۇرىدۇ، ياشا، ئوينا، قولۇڭنى لەززەتكە يەتكۈز، غەم-قايغۇ، قورقۇنچنى بىر دەم كەتكۈز... دەپ ۋۇجۇدىمىزنى شۇنىڭغا كۆندۈرۈپ قويىدۇ .ھەممىدىن كۆنگەن يامان، كۆنۈپ قېلىپ، گۇناھقا پېتىپ تۇيۇقسىز ئۆلگەن يامان! ھەتتا تۆۋە قىلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي قېلىشىمىز مۇمكىن. ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە بىزنى ئۇ قىسمەتلەردىن يىراق قىلغاي.

ئايغىم يۈتتى، پايپاقلىرىم كىرلەشتى، ئايغىمنى قويۇپ كەتكەن ئوغرىمۇ قىسمەت پېچكىسى. بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە يۆتكىلىپ تۇرىمىز. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەقبەرىسىگە ئېسىلىپ يىغلىماي ئۇنى جىمى ئادىمىمىزدىن چارە كۆرۈشىمىز، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك. ئاللاھ كۈچلۈك مۇسۇلماننى ياقتۇرىدۇ. ئوھۇد تېغىدا رەسىمچى قىز «رەسىمگە چۈشۈش ھالال» دېدى. غازات مەيدانى بازارغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. دوپپىلار، خورمىلار، تەسۋىلەر، سۈرمىلەر، سومكىلار، يەنە ئاللىقانداق ئۇششاق ماللار بىچارىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرۇپتۇ، يۇقىرى تېخنىلىك مەھسۇلاتلارغا تۆۋەنچىلىك، زوق-ھەۋەس بىلەن نەزەر تاشلايمىز. كەچمىشلەر نېگىر خوتۇننىڭ جادۇ كۆزىدەك ئاجايىپ...

كېچە ئۇيقۇسىز ئۆتتى، نېگىرلار مېھمانخاننى بىكارلاپ بەرمىگەچكە ئىچكى موخۇغۇل ھاجىلىرى ئاخىر تۆت يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتى. مەدىنىنىڭ ھەج ئىشلىرىغا مەسئۇل نائىب رەئىسى ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ئىشلىتىپ، ئوتتۇرىدا ھېلىگەرلىك قىلغان ۋاستىچى شىركەتنىڭ خوجايىنلىرىنى جازالىدى. رەئىسنىڭ چوڭ ئىشخانىسىغا ئېسىپ قويۇلغان ئۈچ پادىشاھنىڭ سۈرىتى ئادەمنىڭ ئۈستىدە ئادەم بار تۇيغۇسى بېرەتتى. ھەممىدىن يۈكسەك مەۋقە ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ پادىشاھلارنىڭ پادىشاھىدۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.

تاللا بازىرىغا كىرىپ بولغىچە بىلەن سۈت ئېلىپ مۇشۇكلەر بىلەن بىللە ناشتا قىلدىم. نېگىز جۇۋانلار سېمىز، ئىسسىق راھەتنى تەسەۋۋۇر قىلدۇردى. مۇقەددەس مەسچىتنىڭ سوغۇق تاشلىرى دۇنيانىڭ ئىلكىدە قىززىپ كەتكەن بېشىمنى سەگىتتى.

تاش مىجەز ئادەم تاشقى دۇنياغا تېز ماسلىشالايدۇ، لېكىن يالغۇزلۇقتىن قورقىدۇ. ئىچ مىجەز ئادەم ئۆزىگە بېكىنىۋالىدۇ، شۇڭا بەلكىم باشقىلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىدۇ، ئاندىن روھىي غالىبىيەتچىلىك ئارقىلىق ئۆزىنى تەڭشەيدۇ. غەم-قايغۇنىڭ ھامان يېلى چىقىدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئوتتۇرا، مۆتىدىل يول غالىپلارنىڭ يولى، سىراتەل مۇستەقىم دېگەن سەل قاراش ۋە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن خالىي يول، توغرا يول، ئىستىقامەت(تۈزلۈك، دۇرۇسلۇق) يولى. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم، ھېچنەرسە ئازدۇرالمايدۇ.

دۇنيادا نېمە كۆردۈم؟ نېمە چۈش كۆردۈم؟ ئۆزەمدە نېمە ئۇلۇغۋارلىق ھېس قىلدىم. مەندە پۈچەكلىك كۆپەيگەنچە ھاۋايى ھەۋەس ئۇلغىيىدۇ. قۇرۇق پاسارغا ئوت ئاسان تۇتىشىدۇ ئەمەسمۇ؟! مىجەزىم غايەت قېلىن توسما تام، ئۇنىڭ رۇجەكلىرىدىن ئىزگۈلۈككە ئۆزگىرىش نۇرلىرىنى ئاندا-ساندا كۆرىمەن، ئەمما كۆزلىرىم قامىشىپ كېتىدۇ، كەينىمگە يانىمەن، كۆنەلمەيدىكەنمەن، كۆنگىنىمچە ياشىسام راھەتلىنىدىكەنمەن. راھەت دېگەن نېمە؟ راھەت دېگىنىمىز تىنچلىق، ئازادىلىك، خۇرسەنلىك، ئىشىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى، ياخشى تەسىرات، ئۇيقۇنىڭ ئارامبەخش، شىرىن بولۇشى، قەلب ھاياجىنى، جىسمانىيەت غىدىقلىرى بىلەن روھىيەت چوقانلىرىنىڭ شادلىقتا بىرلىشىپ كېتىشى، شۇنداقلا ئۆلۈمنى تەبىئىي قوبۇل قىلىش... قاتارلىقلار. ئۆلۈم بىر مۇسۇلمانغا يورۇق تۈيۈلامدۇ ياكى قاراڭغۇمۇ؟ بۇ بىزنىڭ ئىمانىمىزغا تاقىشىدىغان تۈيغۇ. ئەگەر بىز غەيبكە ئىشىنىدىكەنمىز ھىدايەت نۇرى ئۆلۈمىمىزنى، ئاخىرەتلىك مەنزىلگاھىمىزنى يورۇتىدۇ. شۇنداق ئىمانلىق، ئىنساپلىق ياشايلىكى، قەلبىمىز، ۋۇجۇدىمىز، ھەر تەرىپىمىز، قەبرىمىز نۇرغا تولسۇن، پىلسىراتتىن ئۆتكەندە قولىمىزدىكى نۇر ئۆچۈپ قالمىسۇن، تېڭىرقىمايلى، چۈنكى نۇردىن ئايرىلساق

زۇلمەتكە غەرق بولىمىز.

بىر چاغدا جىنەندىكى سۇ ئۈزۈش سارىيىدا سۇ ئۈزگىنىمدە شەندۈڭلۈق قىزلار تاسما بېلىقتەك كۆرۈنگەندى، شەھۋەت قارمىقى ئۇلارنى كۆڭۈلدىن، قورۇق ھەۋەستىن، بىمەنە خىيالدىن ئىلىندۇرغاندى. ئۇيقۇدىكى ۋۇجۇدۇم سىياسەتتىن، ئىقتىسادتىن خالىي، مۇھەببەت، نىكاھتىن مۇستەسنا، پەقەت روھىملا داپ چالدۇ، تېنىم ئۇنىڭغا ماس كەلتۈرۈپ ھەرىكەتلىنىدۇ، ئوينايدۇ، بۇ ئۇسسۇل ئەمەس، ئامالسىز بويسۇنۇش، تەقلىد. بۇ ھەرىكەت دائىم چىرايلىق ئەمەس. گۈزەل، چەبدەس ھەرىكەتلەرگە ھورۇنلۇق قىلىۋاتىمەن. قازا نامازنى جەملەپ ئوقۇش ئېغىر كەلسە ۋاقتىدا ئوقۇش كېرەك، بۇ ئەڭ ئەۋزەل. قازا ناماز سۈپەت-ساپادا دەل ۋاقتىدا ئوقۇلغان نامازغا يەتمەيدۇ، كۆڭۈلنى باشقۇرۇش تەس، ئەمما ئىمانىنى چوقۇم مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بەندىمەن، ئاجىزمەن، كەمچىلىكلىرىم، خىيالىي رەزىللىكلىرىم، ئەمەلىي نۇقسانلىرىم تولۇپ يېتىپتۇ. گۇناھىم دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ...

ئىسلامىي مۇھىت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوراپ تۇرغان گۈلزارلىققا ئوخشايدۇ.

ئاللاھ قۇتقۇزمىسا ھېچ بەندە دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا ئۆزىمىزگە بەك ئىشىنىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك، ئىمانىمىز قورقۇنچ ۋە ئۈمىد ئارىسىدا ياشناپ تۇرىدۇ. دىنىمىزغا مەھكەم يېپىشقاندىلا خاتىرجەملىك، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ۋاپات بولغىلى، ئۆلۈم ئالدىدىكى پۇرسەتنى قەدىرلەپ، ھاياتىمىزنى ھەر ھالدا تىنچ، پاك، گۈزەل ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. ئۇلۇغ كىچىك تىنىشلار، ئۇھسىنىشلار ھەسرەتلەرنىمۇ بىللە ئېلىپ يۈرۈيدۇ. ۋۇجۇدىمىزدا، ئەتراپىمىزدا، ھەر بىر نەپەسلىرىمىزدە ئاللاھنىڭ رەھمىتى، نېمىتى بار، لېكىن ئۇنتۇپلا تۇرىمىز. رىئاللىق بىزنى دائىم باشقا بىر ياققا باشلاپ كېتىدۇ. كاللىمىز ئالدىمىزدىكى ئۇششاق ئىشلار قايىنىمىدا چۆگىلەيدۇ. رىئاللىق بەزىدە نامازنىمۇ ئۇنتۇلدۇرىدۇ، تەقۋالىقنى ئۆز مەيلىچە ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

ئۇيقۇ بىلەن يالغۇز قالدىم، خىيال باياۋانىدا ئازدىم. نەچچە يىللار ئالدىدىكى ھەۋەس

تەمەچىلىرىنى تېرىپ ئوت قالاپ ئىسسىندىم، بۇ ئوتنىڭ يورۇقىدا ئۇسسۇلچى قىزنىڭ ئاچسى ۋە بىر قانچە قىز ھەر خىل ھالەتتە كۆرۈندى؛ مۇھەببەت گۈللىرىنى شەھۋەت كالىلىرى يەپ كەتتى، ئارقىدىن ھەممىسى ئېسىمدىن قۇرۇپ كەتتى. ۋاقىت ھەممىنى كونىرتىپ ئۆتتۆلدۇرۇۋەتتى. لېكىن ئۇلارنى قەلبخانەمدىن كۆچۈرۈۋەتكىلى، روھىمدىن ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ، چۈشلىرىمدە پەيدا بولىدۇ، ئەس-يادىم گويا بېلىققا ئايلىنىپ ئۆتمۈش دېڭىزىنىڭ تەكتىگە چۆكىدۇ ۋە بىر نېمىلەرنى ئىزدەپ تاپىدۇ، ئۇ نېمىلەر ئاخىر ئۆتتۆلماس، ھەتتا يېڭىدىن كۆز چاقنىتىدىغان جاۋاھىراتلارغا ئايلىنىدۇ.

بۇ ھايات زوقمەنلىككە تولغان، شۇنداقلا جەمئىيەت ئاغرىقىدا ئىڭراۋاتقان نىمجانلارنىڭ دەرت-پىغان، ھەسرەت-نادامەت، ئاچچىق شىكايەتلىرى بىلەن تولغان.

كۈچلۈك ئەتىرنىڭ خۇشپۇرىقى خىيالىمنى يەنە سېھىرلىك گۈزەل قىزلارغا يۆتكىدى. بىرى مېنى تۇتىۋېلىپ «داغىستانلىقمۇسەن؟»دەپ سورىدى. تۈركىيلىك سېتىقچىلار «خوش گەلدىنىز» دەپ قارشى ئالدى، بىر ياندا بىر نەچچە تۈركىيلىك ھاجى خېنىم خۇددى ئۇيغۇر خوتۇنلىرىدەك قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. باشقا دىياردا ئۆز تىلىدا سۆزلىشىۋېلىش نەقەدەر ھوزۇر-ھە! بۇلارنى كەينىمدە قالدۇرۇپ، خوتۇنۇمنى خىيالىمدا ئۆزەمگە ئەگەشتۈرۈپ بازار ئارىلىدىم. ماددىي قۇللۇق ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە يامان ئەمەللىرىمنىڭ تارازىسىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتەرمۇ؟ بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ھاۋايى ھەۋەس، كەيپ-ساپا دىلنى تېخىمۇ قارايتىدۇ. «تىن» سۈرىسىدە شۇنداق گەپ بار: ئاللاھ ئىنساننى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتتى، ئەمما ئىنسان ئۆزىنى ئەسفەلە سافىلىن (پەس، خار) قىلدى.

ئىنسانلار ئاللاھنى ئۇنتۇش، شەيتانغا قۇل بولۇش ئارقىلىقلا تەرەققىي تاپامدۇ؟ ئىلىم ئۆگىنىش پەرز، كائىنات سىرلىرى، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشمۇ بىر ئىبادەت؛ ئاللاھ قۇرئاندا ئەقىلنى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا قويغان، ئەقىلنى ئىشقا سېلىشنى كۆپ تەكىتلىگەن. ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارلاق ئىسلام مەدەنىيىتى، ئىسلام ئالىملىرىنىڭ دۇنيا

ئىلىم-پەننىڭ ئىلگىرىلىشى بىزدەك ئويلايدىغانلارنى ئادەم بولۇشتىن يىراقلاشتۇرىۋېتىدۇ. گەرچە بۈگۈنكى دۇنيادا ئىلىم-پەنگە قوشقان زور تۆھپىلىرى ئەمدى ئەبەدىي سىغىنىپ ئەسلەيدىغان ئۆتمۈشلا بولۇپ قالارمۇ؟

جاھاندىكى جىمى ئۆزگىرىشنى ئاللاھ ئىرادىسىگە باغلاپ چۈشەنگەندە بارلىق شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ فوكۇس نۇقتىسى يورۇيدۇ. نېمىشقا، زادى نېمىشقا؟... دەپ ئىزتىراپ چەكمەيمىز.

قانداقلا بولمىسۇن ياشاپ پايدا كۆردۇق، مەنپەئەتلەندۇق، ھەق نېسىۋىمىزنى تاپتۇق، ئەمما جاۋاب بېرىش كېرەك، دۇنيا سىناقلىرىدىن ئۇتۇقلۇق ئۆتۈپ، ھەر ئىككى دۇنيا مۇۋەپپەقىيىتىنى قازىنىشىمىز كېرەك. بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك، ئۈمىد-ئىشەنچكە تولغان بىر كۆرەش، بۇ كۆرەشتىنمۇ ئارتۇق ئەھمىيەتلىك، چوڭ ئىش يوق.

شىھىتلىك مەيدانى سودا بازىرىغا، دۇئا-تىلاۋەت نىيىتى سۆرەتكە چۈشۈش ئىشتىياقىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئۇ ئاپتاپ جايدىن ئاجايىپ ئەپسۇس ۋە بىر خىل ئىچ ئاغرىقىدا ئايرىلدىم. تۈركىيىنىڭ كاۋابلىرى، ئوتقا قاقلىغان لازا-پەمىدۇرلىرى ئىزمىرنى ئەسلەتتى. ئۇ شەھەرنىڭ قىزلىرىنى گۈزەل دېيىشكەندى، ئەمەلىيەتتە يېرىم يىل تۇرۇش جەريانىدا ۋاي دېگۈدەك بىر قىزنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. بەلكىم مەن كۆرگەن قىزلارنىڭ قەلبى گۈزەلدۇ، بىلمىلىكتۇ، ئەمما ئەرلىك جاھىللىقىمىز تۈپەيلى، ئۇنى ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمىدۇق. فىروئىدچىلاردىن بىرىنىڭ شۇنداق دېگەنلىكى ئېسىمدە: بىر ئەر چىرايلىق بىر خوتۇننى ئېلىۋالسا 10 سەت خوتۇنغا ئېرىشكەندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ-دە، ئۇنىڭ كۆپ خوتۇنغا ئېرىشىش نەپسى ئاز-تولا قاندۇ...

دۇئانىڭ تەقدىرىمىز بىلەن ئېلىشىشى غەيب ئىشلاردىندۇر. پاك ياكى ناپاكلىقىمىز، تەقۋا ياكى چالا تەقۋالىقىمىز دۇئايىمىزنىڭ سۈپەت-ساپاسىغا، قوبۇل بولۇش-بولماسلىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىككەن. ياخشى كۈنلەردە ئاللاھنى ياد ئېتىپ دۇئا قىلىپ شۈكرى ئېيتساق، قىيىن كۈنلەردە قىلغان دۇئايىمىزنىڭ ئىجابەت بولۇشىمۇ ئاسانراق بولىدىكەن. شۈكرى قىلغۇچىلاردىن ھەم تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇش ئۈچۈن ناماز، دۇئا-ئىستىغپاردىن قەتئىي

بوشىشىپ قالماسلىقىمىز لازىم. قۇياش پارلاق، ھاۋا ئىسسىق بۇ كۈندە ئاللاھنىڭ بۇ زېمىنغا بەخش ئەتكەن نۇر-زىيا، ساپ ھاۋا، مول بايلىق ئەشيالىرىغا شائىد بولدۇم ۋە زوقلاندىم. مەسچىدى نەبەۋى مەيدانىدا ئوڭدا يېتىپ، قاراڭغۇدىمۇ سۈزۈك، نۇرلۇق كۆرۈنۈۋاتقان ئاسمانغا قارىدىم. نۇرلۇق پەشتاق مۇنارى ئاجىز كۆزۈمدە جىلۋىلەندى، ئىمان يۇلتۇزى لەنتى شەيتاننى قوغلاپ كۆيدۈرۈپ تاشلىسا، كاللام تازىلانسا، قەلبىم تېخىمۇ يورۇيتتى. ئەشەددىي ئىنسان ئۆزىگە دۈشمەن، ئاللاھ رەھمەت قىلمىسا ھېچكىم جەننەت ھىدىنى پۇرىيالمايدۇ. شۇنچە قەبىھ ئەمەللەرنى قىلغان تەكەببۇر، ھاماقەت، چوشقا كاللا نائەھلىلەردىن ھېساب ئېلىنىدىغان كۈن كېلىدۇ، ئوسۇرۇق خىيال ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق خىيال-تەپەككۇر قارىغىش تەگكۈر كۇفرىلىق، قىتىغۇر ئازغۇنلۇقلا سەۋەب بولىدىكەن، ئۇ چاغدا شۇ خاس روھىيەتنىڭ رەسۋا قىلمىشى جازاغا لايىق بولىدۇ.

خاراكتېر چېگىش مۇئامىلە توقۇيدۇ، جىنلار ئەپسۇن ئوقۇيدۇ. كاللامنى بىر قېرىشمانلىق ساراڭ توخۇدەك، يوق يەۋاتقان قاغىدەك چوقۇيدۇ. بۇنىڭغىمۇ سەۋر قىلىمەن، يارىتىلمىشىمدىكى ئالاھىدە، ئۇلۇغ-ئۇششاق خاسلىقلىرىمنىڭ جەزبىسىگىمۇ، ئەكسىيەتچىلىكتىن تۇغۇلغان دەھشەتلىك زەربىسىگىمۇ چىداپ سەۋر قىلىمەن. بىر ئۆزگىرىش كۈتىمەن، قەلبلەرنى بۇرىغۇچى رەببىمنىڭ مېنى خىيال ۋەجىدىن ئازابلىماسلىقىنى، دوزاخ دەھشىتىگە مۇپتىلا قىلماسلىقىنى تىلەيمەن، ئۇمۇر بويى تىلەيمەن، بەلكىم بۇ ئۆزاققا سوزۇلىدىغان جەريان.

مەن ئۇچۇن بۇگۈن يەنە بەش ۋاق نامازنىڭ شەرەپلىك كۈنى بولدى. ئاپتاپلىق مەيداندا كۆزەينەك تاقاپ ماڭدىم، جۇمە خۇتبىسى تەسىرلىك ئوقۇلدى. كۆزى 1.5 چىققان سۆزمەن، ساغلام خىزمەتدىشىمنىڭ ئانىسى قازا قىپتۇ، يىغا يات تۇيۇلمىدى، ئىنسان نۇرغۇن ئورتاق تۇيغۇلارغا ئىگە. ئەيىب ئىزدەپ يۈرگۈچىگە ئەيىبىم قۇمدەك چىقىۋېرىدۇ. مۇكەممەللىك پەقەت ئاللاھقا خاستۇر. مۇكەممەلچى ئىنسان ئۆز تەبىئىتىنى، ئاجىزلىقىنى يېغىشكە تىرىشىپ

ھېرىپ كېتىدۇ، ئەسلىدە شۇ تەبىئىتىگە مۇخالىپ ئىش قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئويلاپ باقمايدۇ. ئىنسان قۇدرىتىنىڭ يېتىشچە تىرىششى، ئەمما ھەمىشە مۇكەممەل پىلان، مۇكەممەل جەريان، مۇكەممەل نەتىجە قوغلىشىپ، ئۆزىنى قىسماققا ئېلىۋالماسلىقى، ئازادە، ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ ياششى كېرەك.قورقۇنچ بۈيۈك سىناق. ئاللاھ بىزنى ئىككى بايغا ئۇچراشتۇردى، ھەممە ئادەم سىنىلىدىغان بۇ دۇنيادا روھىيەت پاكلىقىنى قولدىن بەرمەسلىكىمىز كېرەك، زاكات ـ سەدىقە بېرىشمۇ چوڭ ئىبادەت.

مۇبارەك مەدىنىدىن ئايرىلدۇق. مېنىڭ ئالدىدا كۆك سۆڭەكلىك بېلىق گۆشى يېدۇق. ئىككى قېتىم ياتاق كۆچكەن، جىددىي ئەسلىمىلەر قالغان بىناغا باشقا ھاجىلار كىردى. تۈركىيە تائامىلىرى تەمى سەزگۈلىرىمىزدە ئىز قالدۇردى. سۆيۈملۈك پەيغەمبەر مەسچىتى رەسمىي ھەجدىن كېيىن يەنە ئاۋاتلىشىدۇ، بىز ئەمدى ئاسان كېلەلمەيمىز. خىيال تەرتىپى ھەر مىنۇتتا بۇزۇلۇپ تۇرىدۇ، يەل كۆپۈپ تۇرغان قورساق تاھارەتكە دۈشمەن؛ قىتىغۇرلۇق، ئەسەبىيلىك، رەزىللىك، خائىنلىقتا ئۇچىغا چىققان شەيتان ۋۇجۇدىمىز، ئىدىيىمىزگە ئۆلگىچە دۈشمەن؛ ئاللاھ بېكىتكەن بىر قىسمەت بار، كۆچۈپ تۇرىدۇ، بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ، ئۇيقۇ ۋە ئۆلۈم روھنى تازىلايدۇ، ئۇيقۇغا ئامراقمىز، ئەمما ئۆلۈمنى يامان كۆرىمىز، قورقۇپ ھوشىمىزنى يوقىتىمىز، ئاللاھنى چەكسىز تەسەۋۋۇر قىلىمىز، چەكلىك دۇنيادىن ئايرىلالمايمىز.

ئاجىزلىقىمغا سەۋر قىلىمەن، نۇرغۇن كىشىلەرمۇ سەۋر قىلىدۇ. ئۆزەمنى ساراڭدەك قىينىساممۇ، ۋەزمىن ئىمان ـ ئەمەلگە چېك ئېسىلىمەن. خوتۇنۇم بىلەن بىللە ئۆمرە تاۋابىنى تاماملىدىم، كەينىمگە يېنىپ چاچ ياساتتىم، مەسچىدى ھەرەمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، سوغۇقتا مۈگدەپ ئولتۇرۇپ بامدات نامىزىنى ساقلىدىم. نەپلى ناماز ئوقۇۋېتىپ ئاخىرىدا "كورىيە" دېگەن ئۇقۇم كاللامغا خاتا كىرىپ قالدى. خاتا ھۆججەتلەردىن باش ساق ئەمەس...

كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقاندا خوتۇنۇم كۆز يېشى قىلدى، مېنىڭ باغرىم تاش ئوخشايدۇ؛

ئەمما يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى تىلىنىۋاتقاندەك بىئارام بولدۇم، دۇنيالىق، ئاخىرەتلىك دۇئالارنى قىلىۋېتىپ ئىچىمدە: گۇناھلىرىمنى كەچۈر يا ئاللاھ، مېنى بەندەم دېگەيسەن يا ئاللاھ، قەلبىمىزنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىل يا ئاللاھ... دەپ نىدا قىلدىم.

مەككە، 3 مىليون ھاجىنى سىغدۇرۇۋاتقان مۇقەددەس مەككە!

ھەر بىر ئىشىڭ كۆزەتتە، ھەر بىر ھەرىكىتىڭ گويا مەلۇم بىر مۇناسىۋەتتە. قورساق كۆپۈكى تۈيۈقسىز چىقىرىلدى، چاقچاقچىنىڭ خۇشخۇيلۇقى تويۇقسىز يوقاپلا كەتتى. ئاچچىق نېمىلەرنى دېگۈزمەيدۇ، سەپرالىق زۇۋانىنى يىغىش ئەسلىدە مەرتىلىكنىڭ ئىشى؛ ئۆپكىمىزنى ئۆزىمىز پۈدەك ئۆزىمىز يېرىلىدىكەنمىز، سەپرانى ئۆزىمىز پەيدا قىلىپ قان بېسىمىمىزنى ئۆرلىتىدىكەنمىز. ۋاي شۇ ئارام تاپمايدىغان، راھەتلىنەلمەيدىغان بۈيۈك شەخسىيەت...

تىل دېگەن نەرسە ئامەتمۇ، ئاپەتمۇ ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭا تىلنى قالايمىقان ئىشلەتمەسلىك، ئېغىزنى چىڭ تۇتۇش، پەيتنى تېپىپ توغرا سۆزلەش كېرەك.

تىنىق ئىسسىقتا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇش، ئۇخلاش، ئاچچىق-چۈچۈك خىيال سۈرۈش بىلەن ۋاقتنى چىرايلىق ئۆزتىپ قويدۇم.

مەسچىتلەر توشۇپ كەتتى. يول-يوللاردا ئەخلەت، سۇ توشۇش ماشىنىسىدىن ئاققان سۇ ئادەملەرنىڭ خىلمۇ خىل پۇراقلىرىنى توشۇپ يۈرگەن ئىسسىق شامال، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەۋاتقان قىزچاقنىڭ مۇڭلۇق، تىترەڭگۈ، ئاھاڭدار ئاۋازى، توپ-توپ كېلىۋاتقان ئەر-ئايال ھاجىلارنىڭ تەڭكەش قەدەملىرى، بىر بۈيۈك ئېتىقاد يۈزلىنىشىنى ئېلىپ يۈرۈۋاتقان تىنچ شاۋقۇن، بەيتۇللاھ ئاسمىنىدا ئەگىپ ئۇچۇپ يۈرگەن، چىراغ نۇرىدا پال-پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان كەپتەرلەر، رەمەل(تېز قەدەم) بىلەن ئايلىنىۋاتقان ئەر-ئايالار... بۇ كۈندىكى (بەلكىم ھەر كۈندىكى) كەچمىشلىرىمنىڭ يورۇق نۇقتىلىرى.

خىيالىي ھەرىكەت خاتالىقنى كۆپ سادىر قىلىدۇ، ئەمما ھەرىكەت ئوي-خىيالدىن كېلىدۇ، شۇڭا خاتالىقتىن ساقلىنىش تەس، بىراق ئۇنى ئازايتقىلى بولىدۇ. نامازدا دىققىتىم

چېچىلىپ خاپا سالدى، سەلدەك دەۋرەپ كېلىۋاتقان ھاجىلار ئاخىرەتلىكىنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلىدىغاندۇ؟ دىنىمىز ئۈمىد، ئىشەنچ دىنىدۇر، پەيغەمبىرىمىز ئىنسانلارغا بۈيۈك رەھمەت سۈپىتىدە دۇنياغا كەلگەن. بىر ئوبدان تەبلىغ ئاڭلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەككىدىكى ئاۋازىدىن سۆيۈندۈم. ئاللاھ بۇ مىللەتكە بەخش ئەتكەن ئېتىقادىي سائادەتنى ھېس قىلدىم. غۇلجىلىقلار پارىڭى دۇنياۋى قىززىقچىلىققا تولغان. ئۆزىنى كۆرستىش بىچارە تەلەپ، خۇنۇك ئارزۇ. شۆھرەت دېگەن زادى شەيتاننىڭ بىر كۆلكىسى، بۇ كۆلكىگە مەسخىرە يوشۇرۇنغان. شۇڭا شۆھرەت تاماسىغا بېرىلىپ كېتىپ ئىچىمىزنى سىقماسلىقىمىز، تەبئىي ياشىشىمىز كېرەك. باشقىلاردا ئىشەنچ يوق، ئاخىرەتكە باغلانغان ئىمان-ئىشەنچتىن بۆلەك ھېچنەرسىگە- دۇنياغا، جەمئىيەتكە، ئادەملەرگە، خوتۇنغا، دوستقا، باشلىققا...يەنە ئاللىكىملەرگە ۋە ئاللىنېمىلەرگە مۇستەھكەم ئىشەنچ باغلاپ ئۈمىدلىنىپ، ئۆمۈرلۈك باغلىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ، ھەتتا ئۆزەڭگىمۇ ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمەيسەن، ئۆزەڭدىن دائىم ئاغرىنىسەن، قەلبىڭدىن گۇمانسىرايسەن، دەرت-ئەلىمىڭدىن چىقالمايسەن... تۇراقسىز، پانىي خىيال ۋە ھەرىكەتلەرنى ئۆتكۈنچى شامال، يامغۇردەك قوبۇل قىلىش، شۇنداق چۈشىنىش كېرەك. بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقاندا، بىر كەيپىياتنى كەچكىچە پۇراپ سېسىپ يۈرەمدۇق؟! ناماز ئوقۇۋاتقاندا كەيپىياتىم ھەررەڭ-سەررەڭ ئۆزگىرىدۇ، شەيتان توختىماي ئارىلىشىدۇ، خۇشۇ ھۇزۇرى قەلب بىر لەھزە پارلايدۇ، كۆڭۈل ئاسمىنى يورۇپ كېتىدۇ، ئارقىدىن دۇنيا ئاسمىنىدىكى قارا بۇلۇتلار سۈرۈلۈپ كېلىدۇ، دۇنيالىق ئىشلار توپا توزىتىدۇ. بۇ زېمىندا سەير قىلىۋاتقان ئىنسانلار نېمىنىلا ئويلىسا بۇ دۇنيادىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ. سېلىپ قويغان كېپىش(ساپما كەش)، غەيرى پۇراق، سودىلىقتىكى زىيان، ھېلى قىلىدىغان ئىش-پىلان، بىر كىملەر بىلەن دېيىشكەن پاراڭ، غەم-غۇسسە... ئۇنىڭ ھوش كاللىسىدا قويۇندەك ئايلىنىدۇ.

سەھەردە خوتۇنۇم بىلەن ھەرەم مەسچىتىگە ماڭدىم، قولىمىزدىن ۋۇجۇدىمىزغا ئىسسىق ئۆتتى. توڭۇپ كەتكەن مۇزدەككىنە قول،

يېشۈەتتى سەھەرنىڭ قات-قات تېخىقلىرىنى...

(گارسىيە ماركوس)

شېئىر، مۇزىكا، ساز دىنىمىزدا ئانچە ياخشى كۆرۈلمەيدىغان نەرسىلەر. ساز-مۇزىكا ئاڭلاش ۋە چېلىش ھارام دېسە، قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە دۇنياۋىلىشىپ، زامانىۋىلىشىپ كەتتۇق. شەيتاننىڭ كۈچىمۇ بوش ئەمەس، ئەمما ئۇ ھامان مەغلۇپ بولىدۇ، قاچانلىقىنى بىلمەيمىز. مىنا، ئەرەفاتقا چىقالىشىمىز ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن بولغان. ئۆتمۈش گۇناھلىرىمىزغا سەمىمىي تەۋبە قىلىشىمىز كېرەك، لېكىن گۇناھقا يېنىپ قېلىش ئېھتىمالى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپ، ئاللاھتىن غالىبلىقنى تىلەيمىز، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمىز، ئۈمىد كۈتىمىز.

مىنادىكى جايىمىز تاغنىڭ داۋىنىغا جايلىشىپتۇ، شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ. يەردە قىزىل سېلىنچا، ئاستىمىزدا گىلەم. سەۋرچانلىق بىلەن ئۆچىرەت تۇرۇپ تاھارەت ئالدۇق ، كېچىدە داق يەردىكى گىلەمدە ئۇخلاپ كەتكەن ھاجىلار شۇ قەدەر خاتىرجەم؛ قورساق، ئۇيقۇ غېمىدە پارقىراپ كەتكەن كۆزلەردىمۇ بىزارلىق كۆرۈلمەيدۇ. كېچىدە توڭۇپ ئىشلىدۇق، ئەتىسى ئىسسىپ كەتتۇق. ۋاقىت بەك بەرىكەتلىك بۇ زېمىندا ئىبادەتتىن باشقا ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش نېمە؟ بەندىلىك ئىززەت-ھۆرمەت ئالدىدا قالغان ئىقتىدار قوشۇمچە قىممەتكە تەڭ.مىنادا نۇرغۇن ھاجى تاماقتا، ھاجەتتە زورلاندى، لېكىن قاقشىمىدى، ئىبادەت مانا مۇشۇنداق ئىمكاندا، قىيىنچىلىقتا باشلىنىدۇ-دە، قورساق ئاغرىقىم كېچىدە يېگەن بىر بولكىدىن باشلاندىمىكىن، ئۇقمىدىم. كۈندۈزدە پارقىراپ كەتتۇق. ئاللاھ بۇ مۇقەددەس زېمىندا ئەتىكى ئۇلۇغ ئەرافات كۈنىنى كۈتۈپ تۇرغان ھاجىلارغا رەھمەت قىلغاي. كىشىلەر پۇل خەجلەپ ھەج قىلدى، تاماقنى ئىسراپ قىلىشتى، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن بەلكى تالاش-تارتىش قىلىشتى. تاماق تارقىتىش ۋەزىپىدىكى ئورنۇم، رولۇم، ئىقتىدارىم جان باقتىلىقتا تەۋە بولدى.

بۈگۈن (2007-يىل 1-يانۋار) چۈشتىن كېيىن 97-نومۇرلۇق بازىنىڭ ئىشىك يېنىدىكى

چېدىردا ئولتۇرۇپ خاتىرە جىجىلىۋاتىمەن. ئۇلۇغ ئەرافات كۈنى چۈشتىن بۇرۇن لەببەيكە توۋلاپ ماڭدۇق. توپ-توپ بولۇپ پىيادە، ماشىنا ئۈستىدە، ماشىنىدا كېتىۋاتقان ھاجىلارنىڭ باش-ئايىغى كۆرۈنمەيدۇ، چېدىرغا تېزلا كېلىپ تاھارەت ئېلىپ قۇرئان ئوقۇدۇم. سۈرە"جىن"، سۈرە"ھاققە" بىزگە، روھىمىزغا يېتىپ ئاشىدۇ، قانچە ئوقۇساق شۇنچە تىترەيمىز. ئەمما سەل ئۆتۈپ بەندىلىكىمىز، ئاجىزلىقىمىز،ئۇنتۇغاقلىقىمىز، ئۇسال كەيپ-خۇيلىرىمىز باشلىنىدۇ. ئوپچە قۇرۇق پاراڭ تۈگىمىدى، قورساق ئاغرىقى داۋاملاشتى. ئۇيغۇرلار بىلەن ئايرىلىپ چىقىپ جەمئىي ناماز ئوقۇدۇم. نامازدىن كېيىن دۇئا-تىلاۋەت، يىغا ئارىلاش تەلەپ-ئۈمىد، ئىستىغپار باشلاندى. قەلبىم قېتىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، بىر تامچە ياشمۇ ئاققۇزمىدىم؛ جاپا چەكمىگەن، ئۇۋاللىققا ئۇچرىمىغان ئادەمنىڭ كۆزىدىن ئاسان ياش چىقمىسا كېرەك. ئۆلۈمنى نېمىشقا ئاز ئويلايدىغاندىمىز؟ بىر چاغلاردا ئۆلۈمنى بەك ئويلاپ قورقۇپ يۈرەتتىم، ھازىر شۇ كەيپىيات، شۇ تىترەكنىڭ ھېچنېمىسى يوق. داشقاللىشىپ كەتكەن پىشىپ يېتىلىش كۆڭۈلنى قاشاڭلاشتۇرۇۋەتكەنمىدۇ؟ سەممىمىي، ساددا، پاك كۆڭۈللەر ياشىسۇن. لابادا دۇئا قىلىپ يىغلاپ كىشىنى تەسىرلەندۈرۈپ يۈرگەن خۇيزۇ ھاجى مەملىكىتىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن تەقۋالىقىنى داۋاملاشتۇرالامدۇ يوق؟ ياكى مۇشۇ بىر قېتىم يىغلاپ دۇئا قىلىش بىلەن ئىش تامام ۋەسسالام بولامدۇ؟! ھەممىنى ۋە ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر. مەن كەچكە يېقىن دۇئا قىلدىم.چىراغلار يورۇپ تۇرغان مۇزدەلىفىگە كەلدۇق. سوغۇقتا ئەدىيالنى يېپىنىپ ئۇخلىدىم. ئەرەفاتتىمۇ ئۇيقۇ، مۇزدەلىفىدىمۇ ئۇيقۇ، زىكرى-تەسبىھ ئاز، قايتىشقا ئالدىرىدۇق. تار ئىمكانىيەت، خىزمەت، پاتپاراقچىلىق، مەنپەئەت... ھېلىدىن ھېلى قىستاپ كېلىدۇ. كۆڭۈلدىكىدەك ئىبادەت قىلىۋېلىشقا، تەقۋالىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈشكە شۇنچە تىرىشتۇق، ئەمما ئىنساني چەكلىمە، مۇھىت بۇيۇنتۇرۇقى ھېچ قويۇپ بەرمىدى.

ۋاقتى ئۆتكەن ئەسلىمە كونىرىغانچە خىرەلىشىپ ئۆچۈپ كېتىدۇ. قىستالدىم، جەينەكلەندىم، پۇتلاندىم، دەسسەلدىم، ئەيىبلەندىم، ئالايغان، ئاگاھلاندۇرۇلغان، ئەپسۇسلانغان

كۆز نۇرلىرىنى كۆرەلمىدىم. بەشكېرەملىك ھاجى كۈلپەتلىرىگە يىغلاپ سالدى. چىققىلى 3 ئاي بوپتۇ، يۇرت، بالا سېغىنچى يۈرىكىنى قامالالاپتۇ، كۆزلىرىدىن ياش قۇرىماپتۇ، ئەرەفات تېغىغا يالغۇز، يىقىن بىرىۋېلىپ كېچىچە يىغلاپتۇ. مۇشۇنداق ئادەملا مانا ھەقىقىي ياش تۆكەلەيدۇ، جاپانى يەتكىچە تارتقان ئادەملا چىن كۆڭلىدىن ئىبادەت قىلالايدۇ. ئاللاھنى ھەقىقىي ياد ئېتىپ، تىلەكلىرىنى راستچىللىق بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتالايدۇ.

تاۋاب قايىنمىدا بىر نېگىر جۇۋاننىڭ بەستلىك، تولغان بەدىنىگە، ئادەملەر ئارىسىدا قىستىلىپ شاپتۇلدەك مىجىلىپ قالاي دېگەن بىر گۈزەل قىزغا سوقۇلۇپ، سۈرۈلۈپ كەتتىم.كۆكسىنى جەينەكلىرى بىلەن تورۇۋالغان شۇ ئېپپەتلىك ئايالالارنى خۇدايىم ئېرىدىن ئايرىمىغاي. نېگىرلار توپى بىرلا سوقۇلسا ئىش چاتاق، ئېتتىرىلىپ مىجىلىپ كېتىدىغان گەپ. غايەت زور كەلكۈن ئىچىدە سىقىلىپ بوغۇلدۇم، چوڭ ئىبادەتكە غەرق بولۇپ، شام نامىزىدا قىرغاققا سۈزۈلۈپ چىقتىم، راھەتلەندىم، مۇزدەك زەم-زەم سۈيى ئىچتىم، يېڭى كەش ئالدىم، ئېزىلىپ ئۇخلىدىم.

بايان قىلىنمىغان كۆپ ئىش قالدى. ھورۇنلارغا ئىمكان يوق. بوش ئۆتكەن ۋاقىت شۇ ۋاقىت ساھىبىنى پۇچەك قىلىدۇ. تۆگىگە مىنىپ رەسىمگە چۈشۈپ بىھۇدە پۇل خەجلىدىم، دوپپىنى ئېلىۋالماي خاتا قىلدىم، مىناغا خاتا يەرگە چۈشۈپ قېلىپ بىر مۇنچە يول ماڭدىم، مەينەتلىشىپ كەتكەن ئەخلەت يوللار ئافرىقىلىق، پاكىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ساپاسىنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. قەدىرسىز غورۇر ئۆزگىلەرنى بىزار قىلىدۇ، ئۆزگىلەر ماختىنىپلا ياشايدۇ، مەيلى ئەمەسمۇ، ئېغىرباش بول، ئېغىزنى چىڭ يۇمىدىغان يەردە يۇم، ئاچمايدىغان زۇۋاننى ئىچىڭگە يۇتۇۋەت، بىر دەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، سۈكۈت قىلىشنىڭ غايەت زور پايدىسى بار. ئۆپكەمنى بېسىۋېلىش مېنىڭ بۇ ھاياتلىقتىكى ئەمەلىي، ئەخلاقىي ئارزۇيۇم. مىجەزدىكى غەلەتنى يېڭەلمەسلىك بىر مۇنچە سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنداق بىر ئاچچىق كېلىدۇكى، ئۆزەڭمۇ ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ قارىدايسەن...

ئاشۇنداق قۇرۇق گەپ بىلەن ئىش ئاقىدىغان زامان بۇ. ئەرەبچە بىلمىسەڭ بۇ يەردە گاچىنىڭ ئۆزىلا بولىسەن، چانىسەن، يىلىڭ چىقىدۇ، بىلىڭ سۇنىدۇ، ھەتتا ئىشلەمچى باللارمۇ سېنى كۆزىگە ئىلمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا مېڭىپ شەيتانغا تاش ئاتتىم. قايتىپ كېلىۋاتقاندا چىرايلىق ئايالLارغا، قىزلارغا كۆزۈم چۈشتى. ئىگىلىۋېلىش ئىستىكىم جۇش ئۇردى، شەيتان يىغلامسىراپ ھەم كۈلۈپ ماڭا ئەگىشىپ ماڭدى، شەيتاننىڭ دۈشمەنلىكى ھىلىگەرلىك، سۆيۈملۈك ئالدامچىلىق، سېھىر-جەزبە بىلەن تولغان. شۇڭا دائىم غەلەت بولىمەن، ھاۋايى ھەۋەسكە تولىمەن، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينايمەن، سېرىق سېھىرگە مەپتۇن بولىمەن، تەئىلىق خەت شەكلىدە لەرزان يېزىلغان سۆزلەردە مېنىڭ ئەركىنلىكىم، خوشلۇقۇم جىلۋىلىنىدۇ. ئۆزى ھەج قىلغىلى كەلگەن ياش جۇۋان بىر قىزىل ئالمىنى، مېۋە شەربىتىنى ئېلىپ كەتتى، تاماق ئالالماي ئاچ كەتتى. ئوي-خىيالىم دائىم خاتالىشىدۇ، سۈكۈت، ئېغىر سۈكۈت، ۋەزمىنلىك ئۆز پەيتىدە كاتتا سۆلەت، پەيتى كەلمىگەندە گۇمۇشلۇق، لەقۋالىق، يۈۋاشلىق. ھەرىكەتچانلىق، ئىتتىكلىك، كەسكىنلىك مەلۇم ۋاقىتتا ئەسقاتىدۇ، مەلۇم ۋاقىتتا باشقا بالا بولىدۇ. مۇشۇنداق ئادەم كۆزگە بەك كۆرۈنىدۇ، لازىنى ئاچچىق دەيدۇ، ئەمما ئادەملەر ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ. يېڭى يىلنىڭ ئاخىرقى كېچىسى تاماق تارقىتىش، ئىككى قاچا توخۇ شورپىسى ئىچىش بىلەن ئاياغلاشتى.

ۋاقىتنى ئۆتكۈزەلمەي ئىچى پۇشۇپ كېتىش جىنايەتچىلەرگە خاس روھىي ھالەت. ئەركىن ئىنسانغا ئەركىن خۇشاللىق تولىمۇ زۆرۈر. كۆپ خوتۇنلۇق ھاجىملار ھەۋەسكە سازاۋەر. ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئۈستىدە جەۋلان قىلىدىغان بۇ دىياردا بايلىق كىبىر ۋە راھەتنىڭ نەق ئۆزى. يۈزى يېپىق چىرايلار ئۆيدە ئېچىلىدۇ؛ ساقاللىق، سېمىز، قوپال ئەرلەر ئوت كەبى كۆچتىن ئېرىيدۇ. ئاشۇ نېمەتلەر ئاچكۆزلۈك پەيدا قىلىدۇ، چىدامسىز يارىتىلغان ئىنسانلار شەيتاننىڭ ئېزىقتۇرۇشىغىمۇ چىدامسىز كېلىدۇ، فىترەت ئىمانىنىڭ سىنىقىنى قىيىنلاشتۇرىدۇ، بەشەرىيەت(ئادەمزات) ۋىجدانى دۇنيا ھارارىتىدە ئاسان پۇراپ بۇزۇلىدۇ. ئادەملىكنى ئالماس كەبى

چىرايلىق، قاتتىق، سۇزۇك ساقلاش ئاسان ئەمەس. شەيتان ھەرگىز بوش ئەمەس، ئامما ئاللاھنىڭ ياردىمىدە مۆمىنلەر ئۇنى مەغلۇپ قىلالايدۇ، تاشنى قاتتىق ئېتىڭلار ھاجىلار...

يېڭى يىل مىنادا باشلاندى، ئاپتاپ كۆچلۈك بىر كۈن بولدى. تاقەتسىزلەنگەن ھاجىلار ئاپتاپتا ماشىنا كۈتۈپ تۇراتتى. ئەرەبلەرنىڭ ئاستىلىقى، يولنىڭ قىستاڭلىقى بىزنى سەۋرگە كۆندۈردى؛ ئىبادەت دۇنيالىق ئىشلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى، تەرتىپ، قالايمىقانچىلىق ئالمىشىپ تۇردى. جىددە شەھرىدە خىلۋەت سودا سارايلىرىنى ئايلاندىم، ماددىي دۇنيا ئەتىر، سائەت بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. زىيان تارتماسلىق مۇمكىن ئەمەس، زىيان تارتمايمەن دەپ ئىچ ئاغرىقى تارتىش، جاپا چېكىشنىڭ ئۆزىلا مۇشەققەتلىك جەريان، قەستەن بىر نېمە ئالدىم، ئېنىق زىيان تارتتىم، بۇ يەرنىڭ خاتىرىسى بەربىر ئۆچىدۇ. ھەشەمەتلىك بۇ سودا سارىيىنىڭ ئىچىدە ناماز ئوقۇيدىغان يەرنى تاپتىم، تەقۋالىقتا نىيەت قىلغان كۆڭۈلنى ئاللاھ ھامان خاتىرجەم قىلىدىكەن دەپ ئويلىدىم. ئىنشائاللاھ مۇرادىمغا يەتكەيمەن، دوزاخ ئازابىدىن خالاس بولسام، جەننەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىرىگە بولسىمۇ ئۇلىشالىسام دەيمەن. مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟! بىز دائىم قىيامەتنى، جۈملىدىن جەننەت ۋە دوزاخنى تولىمۇ يىراق، مەۋھۇم ئويلايمىز، ئۆلۈمىمىزنىمۇ شۇنداق ئويلايمىز، ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ مەۋھۇملۇقى، نائېنىقلىقىدىكى ھېكمەت، رەھمەتنى ئاز چۈشىنىمىز. بىز ئويلانمايدىغان، ھېكمەتنى چوڭقۇر چۈشەنمەيدىغان، نېمەتلەردىن ھەر نەپەستە پايدىلىنىپ تۇرۇپ بۇنىڭغا شۈكرى قىلمايدىغان، مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى دائىم ئۇنتۇپ قالىدىغان، قىتىغۇرلۇق قىلىپ شەيتانغا يانداشىپ ياشاشقا ئاران تۇرىدىغان، ئاز يىغلاپ كۆپ(مەنىسىز) كۈلىدىغان، كۆز ئالدىمىزدىكى دۇنيانىڭ سېھىر-ئەپسۇنلىرىغا غەرق بولۇپ، باش كۆتۈرۈپ چىقالمايدىغان، جان راھىتىگە ئەسىر بولۇپ، ھوزۇر-ھالاۋەت قوينىدا بىخارامان ئۇخلاشقا كۆنۈپ كەتكەن، شەھۋەت ناز-كەرەشمىلىرىدىن كۆز ئۈزەلمەيدىغان، قانماس ھەۋەستىن ئۆزىمىزنى

تارتالمايدىغان، ھەتتا زالالەتتىن، رەسۋالىقتىن ئىتتىك يانالمايدىغان، پۇشايمان قىلسىمۇ ئىبرەت ئالمايدىغان، تەۋبە قىلسىمۇ گۇناھىنى تەكرارلاپ، غەفۇرۇررەھىم (چەكسىز مەرھەمەت ئىگىسى) ئاللاھقا يەنىلا يۈزى قېلىنلىق بىلەن يېلىنىدىغان، چىدامسىز، مۇرەككەپ مەخلۇق؛ چىرايلىق قىزغا تەبئىي ئىنتىلىمەن، ئەمما تەۋبە-ئىستىغپارغىمۇ كۈچلۈك ئىنتىلىش كېرەك. فىترەت، بەشەرىيەت خۇسۇسىيەتلىرىدە ئىمان رەھبەرلىك يادروسى بولۇشى كېرەك.

كۆزەينەك، ئاياغ، يالغان ماركا، يالغان مال، ئالدامچىلىق، پايدا-زىيان، خاتا تاللاش، مۇمكىنسىز ياندۇرۇۋېلىش... دېمەك، سودا ئاشۇنداق پۈتتى. ئۆمرۈمنى خەجلەپ بۈگۈنگە كەلدىم. ھاسىلات نېمە؟ ئۆي، خوتۇن، بالا، نەشر قىلدۇرغان ئۈچ كىتاب، ئاجىزلىشىۋاتقان كۆز، قېرىلىشىۋاتقان تەن... ئىمان-ئېتىقادتەك ياشىرىپ كۆكلەپ تۇرىدىغان باراخسان، چىرايلىق، ياپيېشىل دەرەخنى كۆرمىدىم. بۇ دەرەخ ئاستىدا سايىداش نېمىدېگەن راھەت! بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى تاما قىلىمىز، كۆتمەكتىمىز. ئەي رەببىم، كۆكلەت بەندەڭنى، تېخىمۇ ياشىراي دەپ دۇئا قىلماقتىمىز. مەككىنىڭ سودا-سېتىققا توشۇپ كەتكەن باغرى مۇسۇلمانلارنى ئىككى دۇنيالىققا تەڭ ئېتىۋار بېرىشكە چاقىرماقتا. ئەزان چىققاندا سوداڭنى قوي، دۇنيالىق خىيالىڭنى يىغىشتۇر. بۇ ئاقماس خىياللىرىڭ بىر دەملىك، ھەقىقەتەن بىر دەملىك! ئىبادەت بولسا مەڭگۈلۈك بەختىنىڭ ئەمگىكى. بەندىلىك بەدەل قىزغىنلىق ۋە ئۈمىد بىلەن تۆلىنىشى كېرەك.

بەزى ئىشلار، كۆپىنچە پىلانلار بىر يەرگە كېلىپ ئۆزگىرىدۇ، يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىدۇ، تاقىشىپ قالىدۇ، بوپتىلا دەيمىز، تايىنسىز دۇنيانىڭ بىتايىن ئىشلىرى ئاشۇنداق ئۈزۈك-ئۈزۈك، مالىمان ھالەتتە داۋاملىشىدۇ. سالامەتلىك ئەڭ زوقلىنىشقا تېگىشلىك ھالەت. ھوقۇق، پۇل، نوچىلىق كۆپ ھاللاردا سالامەتلىك ئۈچۈن ئەسقاتىدۇ، ئەسقاتماي قالغاندا ساغلاملىقنىڭ قەدرى شۇنچىلىك ئۆتۈلىدۇكى، ئادەم ھەممىدىن كېچىپ بولسىمۇ سالامەتلىكىنى ساقلاپ قېلىشقا، جېنىنى ئارام تاپقۇزۇشقا تىرىشىدۇ. ۋاھالەنكى، جان ئۇنداق

ئاسان ئارام تاپمايدۇ. «ئى ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالەتتە دەرگاھىمىزغا قايتقىن» دېگەن مەزمۇندىكى ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك، جان شەرتلىك يوسۇندا ھەقىقىي ئارام تاپىدۇ.

« پاكىستانلىقنىڭ مۇشۇ كىيىمنى مەككىدە كىيىپلا يىرتىۋېتەي دەيمەن» دېگەن يېڭىسارلىق ياش ھاجىنىڭ خوتۇنى ئىشىك تۈۋىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئىككى بالىسى يۇرتىدا سەرسان يۈرگىدەك. «قايتىدىغانغا پۇل يېتىشمەي تۇرىدۇ، ئامال قىلغىلى بولارمۇ؟» دېدى ئۇ. ئۆتكۈر كۆزلىرى چىراغتەك يېنىپ تۇراتتى، غەم شوللىرى گىرىمسەن ئەلەڭگىيتتى، ئازغىنە ئۈمىد شولىسىمۇ خىرە-شىرە بالقىيتتى. مەن ئۇ ئۈمىد تەلەپ قىلىۋاتقان كۆزدىن ئەپسۇس، دېلىغۇللۇق ئىلكىدە ئۈزاقلاشتىم. «تىرىشىپ باقاي» دېگىنىمدە قانچىلىك ۋەدە، قانچىلىك ئۈمىد-ئىشەنچ يوشۇرۇنغان؟ ھەر ھالدا، ئالالھتىن ياردەم كۈتۈپ ياخشىلىق قىلىشقا بىزدە ئاز-تولا ۋىجدان، ئىرادە بار، خەيرلىك ئىشنى ئالالھ ئاسان قىلىدۇ، ئاسان قىلمىسا قىيىنچىلىقتا قويۇپ سىنايدۇ. بىز پەقەت ئالالھقا تەۋەككۇل قىلالايمىز، ئۈمىد كۈتەلەيمىز، ئىشەنچىمىزنى ئالدىراپ يوقاتمايمىز.

ھەجدىن كېيىنلا تەقۋالىق سۇسلىششقا باشلىدى.ئېھرامدىن چىقىشقان ھاجىلار خوتۇنلىرى بىلەن بۇرۇنقى تۇرمۇشىغا قايتتى. قاراڭغۇلۇق ھەممىنى يوشۇرالامدۇ؟ نېگىرلار مەككىنىڭ تار كوچىلىرىنى پېتىقداپ، ئاياللىرى بىر-بىرىنى بېقىنداپ سودا قىلىشىپ، باللىرى تىلەمچىلىك قىلىشىپ يۈرمەكتە، كۆزلىرى سىرلىق پارقىرايدۇ. بىر توپ نېگىر بىنا ئالدىدا جېدەللىشىپ تۇرۇپتۇ، خاپىلىقنىڭ يۈزى قاپقارا...

چامدىنىغا تۇڭلاپ زەم-زەم سۈيى قاچىلىغان گەنسۇ ھاجىلىرى قۇرئاننى چامدىنىغا پاتقۇزالماي بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپتۇ، ئېچىنىپ كەتتىم، كاللا ئېچىلمىسا ھەقىقىي ئىمان نۇرى قەلبكە پات كىرمەيدۇ، جاھىل ئىنسان ئۇرۇشقاق كېلىدۇ، زوراۋانلىقنىڭ كۆچىگە ئىشىنىدۇ. سادام دارغا ئېسىلىپ تۇگىدى، سىياسىي رەزىللىك ئويۇنى ھېلىھەم داۋاملاشماقتا.

تىپتىنىچ مەككە سىياسىيدىن خالىي كۆرۈندۇ؛ مەككە سىقىلىپ كەتتى، مۇقەددەس، مېھىرلىك باغرى ئەخلەتكە توشۇپ كەتتى.

مەيلى قانداق ياشايلى، ئىمان بىلەن ياشاپ ئۆتسەك، ئىمان بىلەن ئۆلۈپ كەتسەك بولاتتى. تۈركىيە ھاجى خېنىملىرى ئۈدەكتەك مېڭىپ يۈرمەكتە، مىغ-مىغ ھاجىلار تۈركۈم-تۈركۈملەپ قايتماقتا. مەھمۇد ھېسام ئاغرىپ ياتىدۇ، ۋىرۇسلۇق زۇكام ئۇنىڭغا ئېغىر چاقچاق قىلىپ قىززىتىپ قويۇپتۇ، قوللىرى ئاتەش، كۆڭلى قاتتىق غەش... مۇشۇنداق قىيىن پەيتلەر ئادەمنى تاۋلايدۇ، تاۋلىنالمىغانلار چالا كۆيۈپ چۈچۈلە بولىدۇ، تاشلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ بۇرادىرىم ئۆزىنى ئالامەت ئىززەتلەيدۇ، ئۆزىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، ئۆزىدىن زوقلىنىدۇ، ئۆزىنى قوغدايدۇ، سەۋر قىلىدۇ. قالغان ئىشلىرى ئاللاھ ئىگەمنىڭ ئىلكىدە، ئاللاھ شىپالىق بەرگەي، ئاللاھ مۆمىنلەرگە سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر. كۆلۈپلا يۈرۈيدىغان ئادەم كۆلۈپ يۈرگەي، ئاللاھ ھەر بەندىسىنى ئۆز خۇشۇسىيتىدىن ئايرىمىغاي.

سەھەر يەنە ھاجەتخانىدىن باشلاندى. ئەزان ئاۋازىنىڭ يۈرەكلىرىمنى ئاۋۋالقىدەك تىترەتمەيدىغان بولۇپ قالغىنىغا ھەيرانمەن. يۈزۈم ئۆزۈمگە يارىشا، ئەڭ مۇھىمى مەھشەرگاھتا يۈزۈم قارىداپ كەتمىسە بولاتتى. ئۇ كۈندە كۆپلىگەن مۆمىنلەرنىڭ چېھرى پارلاق بولىدىكەن، ئاللاھ بىزنىمۇ شۇ كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن قىلغاي.

جۈمەگە كىيىن قالغىنىم ئۈچۈن ھەرەم مەسچىتىگە كىرەلمەي تىقىلىپ تۇرۇپ قالدىم. ئاياللارنىڭ جۈمە نامىزىنى ياتاقلىرىدا ئوقۇماي، ئەرلەر ئارىسىدا قىستىلىشىپ يۈرگىنىگە تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم، ھەتتا سەل ئاچچىقىم كەلدى. تۈركلەر، نىگىرلار، بېنگاللىقلار، ھىندونېزىيىلىكلەر كۆچلۈك ئاپتاپتا داشقايناق بولۇپ قايندى، تەر كىيىملەر چاپلىشىپ، تەن سىقىلىپ نەپەس بوغۇلدى. ئادەم دېڭىزى ئىچىدە يا ئالدىمغا، يا كەينىمگە ماڭالماي بىر سائەت قىستىلىپ تۇردۇم، شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز چىققان سالقىن بىر شامالدىن شۇنچىلىك راھەتلەندىمكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ھېس قىلدىم. قىزىل چاچ بىر موماي مىجىلىپ

ھوشىدىن كەتكەن بولسا كېرەك، كۆزلىرىدىن چۆچۈش، قايغۇ-ئەلەم ئېتىلىپ تۇرغان ياش جۇۋان: «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تووۋلاپ، ئالغا سىلجىۋاتقانلارنى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويدى. تۆرك قىزى بولسا كېرەك، يەنە بىر قىز قىستىلىش ئىچىدىمۇ زوڭزىيىپ قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى. بىر نېگىر قىز كەينىدىكى ئاق تەنلىك ئوغۇلچاق بىلەن سوقۇشۇپ كەتتى. «سابىر، سابىر» (سەۋر قىلىڭلار) دەپ توختىتىپ قويدۇق. جۇمەگە ئەزان چىقتى، پۈت دەسسەپ تۇرغۇدەكلا يەر قالغان ئورۇندا ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە تىڭشىدىم، قۇلاققا ئانچە كىرمىدى، قىيىنچىلىق ھېچنېمىگە ئارام بەرمىدى. تەرتىپ يوق بۇ مەيداندا شامال ئۆتۈشۈشكىمۇ ئىمكان يوق، چىداپ تۇردۇم، سىقىلىپ كەتتىم، ئەمما سەۋر قىلدىم. بەيتۇللا ئىچىنى شۇ قەدەر ئارزۇلاپ كەتتىمكى، بوسۇغىسىغا بولسىمۇ بېرىۋالسام نە ئارمان... دەپ تەلمۈرۈپ كەتتىم. ناماز باشلاندى، سەجدىنى ئالدىمدىكى ئادەمنىڭ دۈمبىسىگە قىلدىم، چۈنكى بۇمۇ ئاللاھ ياراتقان مەخلۇق، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى ئاللاھ ياراتقان يەر-زېمىن(سەجدىگاھ) دەپ بىلسەم... ھېچ گۇناھ بولماس دەپ ئويلىدىم. ھېچ پەتىۋادا بۇ ھەقتە بىر يولىيورۇق كۆرمىدىم، لېكىن زۆرۈرىيەت شۇنى تەقەززا قىلغاندا، دىلىمىزدىكى نىيەتنى ئاللاھقا خالىس قىلساق، ئىبادەت قوبۇل بولار دەپ ئۆزىمىز پەتىۋا كەستۇق، چۈنكى بۇنداق قىيىن ھالەتتە شەرىئەتتىمۇ ئاسانلىق، چىقىش يولى بار دەپ ئىشەنچ قىلدىم. چۈنكى دىنىمىز مۇكەممەل دىن؛ چىقىش يولىنى ئېيتىپ قويىدىغان تار، قىيىن دىن ئەمەس. بۇ دىندا ھەممە ئىنسانغا (ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن) چىقىش يولى بار، يۈز قېتىم تۆۋە قىلىپ تۆۋەڭنى بۇزساڭمۇ يەنە ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن بۇ دىنغا ــ ئىسلامغا قايت، «ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن پەقەت كاپىر قەۋملا ئۈمىدسىزلىنىدۇ»(ئايەت). ناماز ئاخىرىدا رەھمەتلىك ئاللاھتىن بۇ جۇمە نامىزىمنىڭ قوبۇل بولۇشىنى تىلىدىم، چۈنكى بۇ يەرگە يۈيۈنۈپ، يول بېسىپ، قىستىلىپ ئاران كەلگەنىدىم؛ نامازنىمۇ تاقىتىمنىڭ يېتىشىچە، ئىمكانىيىتىنىڭ يار بېرىشىچە ئوقۇغانىدىم؛ ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپ بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، بەندىسىنىڭ قانداقلىقىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. توپ-توپ جامائەت، مىغ-مىغ جامائەت تاپانداپ مېڭىشماقتا، مانا بۇ مەككە...

مەككىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلار قورسىقىغا پايلىمايلا ئۆتىدۇ، بايلارمۇ شۇ... مەھكۇم مىجەزنى ئەسكى چورۇقتەك تاشلىۋەتكىلى بولسا-ھە! غەلىبە دېگەن شۇ. غەيۋەت جىم ياتمايدىغان قۇرت، غەم باش ئەگمەيدىغان دۈشمەن، مۇھتاجلىق بۆرەكتىكى ئېرىمەس تاش! ۋۇجۇدىمىز مۇرەككەپ رېئاكسىيەلەردىن ھەر كۈنى دېگۈدەك ھالسىزلىنىدۇ، تەجرىبىدىن ئۆتىدۇ. كەچمىشلەر نېگىز خوتۇنلارنىڭ بېشىدا كۆتۈرۈۋالغان نەرسىلىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا سۇ، ئەلەي-بەلەي... ھەممە نېمە بار. كەچمىشلەرنى ئۆمۈر بويى بېشىمىزدا كۆتۈرۈپ يۈرۈيمىز، بېشىمىز گاھى ساق، گاھى كېسەل، زىڭىلداپلا تۇرىدۇ، ھۈجەيرىلىرىمىز، ئېلېكترونلىرىمىز غايەت چوڭ تەن زاۋۇتىمىزدا كېچە-كۈندۈز ئىشلەيدۇ، ھەممە ھۈجەيرىلىرىمىز خىزمەتتە، بەلكى ئۇلۇغ خىزمەتتە. ئەمما بۇ خىزمەتتىن پۈتۈن چىققان مۇكەممەل ۋۇجۇدىمىز بۇ دۇنيادىكى ئەرزىمەس خىزمەت، ئەرزىمەس ئىشلاردا ئىسراپ بولۇپ خاراپلىشىدۇ. ئىرادىمىزگە يۈز كېلىش ھەممىدىن مۇھىم. كۈندىلىك ئىش-ھەرىكەت، ئويۇن-تاماشىلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ئىسراپچىلىق بىلەن تاماملىنىدۇ. بۇنىڭ ھېسابىنى بېرىمىز، ھېسابى يوق ئىش بولمايدۇ، يارىتىلغان ئەزالىرىمىز نېمىگە ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدە ئۆزى گۇۋاھلىق بېرىدۇ، «ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (ئايەت).

ئىلىم جەزىرەسىدە مۇشەققەت چېكىپ راھەت كۆرۈۋاتقان دوستىمىزنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا تونىلدىن ئۆتۈپلا يامغۇر شاقىراپ يېغىۋەتتى، دىمىق ھاۋانىڭ پوستى تېشىلدى، سۇلا ئېرىقچە بولۇپ ئاقتى، بىر دەمدىن كېيىن يامغۇر توختاپ شامال چىقىشقا باشلىدى. ئوماق، شوخ باللار بىلەن كۈلۈشۈپ ئويىنىدىم، قوۋناق ھايات دېگەن مانا شۇ. دوستۇم بىلەن بىللە تورغا كىردۇق، ئىزدىنىشقا قاراپ باقتۇق. سودا ئۇچۇرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپ ئەدەبىيات گۈلزارىغا نەزەر سالدۇق. ئەدەبىيات ھەققىدىكى پاراڭلىرىمىز ئاز بولدى. ئەر-خوتۇن مۇناسىۋىتى ئەڭ نېگىزلىك، پەرزەنت كۈلكىسى ئەڭ چىن، تۇرالغۇ، يېمەك-ئىچمەك ئەڭ ھەقىقىي بۇ ھاياتتا ئىنسان نۇرغۇن نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئەمما ئاز شۈكرى قىلىدۇ.

ئاتالمىش بەزى زىيالىيلىرىمىز شۈكرى-قانائەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلمەي، بۇ دېگەن ئىسلام دىنىنىڭ پاسسىپ دۇنيا قارىشى دەپ ئۆز دىنىغا تەتۈر قارايدۇ. بۇ بىر زالالەت؛ شۈكرى قىلىش بارغا قانائەت قىلىپلا ئولتۇرۇش، تىرىشماسلىق دېگەنلىك ئەمەس، ئاللاھنىڭ رەھمەت قىلىپ ھەر كۈنى، ھەر سائەت يارىتىپ بېرىۋاتقان، بەخش ئېتىۋاتقان مول رىزىق، نېمەتلىرىنى ياد ئېتىش، ياراتقۇچىغا شۈكرى، ھەمدۇ سانا ئېيتىش، خۇرسەنلىك بىلەن تولغان ئىمانىنى پەرۋىش قىلىش دېگەنلىك.

ياتاقتا يەنە چۈشىن پەيدا بولۇپ قاپتۇ. شامالدۇرغۇچنى چۆرۈپ قويدۇم، ئايلانما ھەرىكەت داۋاملاشماقتا. بىلىم ھەقىقەتەن مۇھىم؛ ھەر ئىشتا، سودىدا، مۇئامىلىدە، ھەتتا جېدەلدە، خاپىلىقتا بىلىمنىڭ سەل قارىغۇسىز رولى بار. بىلىم ياشاشنى مەنىلەشتۈرىدىغان، كىشىنى خۇشاللىقتا ئېرىشتۈرىدىغان قورال، كاللىدىكى ئېسىل ئىزگۈ خۇسۇسىيەت. بىز بۇ يەردە بىلىم-قابىلىيەتنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ چۈشەندۇق، بىر ئىشنى ئورۇنلاشتا ئاكتىپ بولۇشنىڭ پايدىسىنى بىلدۇق؛ ئەمما ئىزچىل بولالمايمىز، ئۈزۈك-ئۈزۈك ياشايمىز، ۋاقىت ھەممىنى ئوماشتۇماق قىلىپلا تۇرىدۇ، ئوماشتەك قايناپ ياشايمىز. ناماز سۇسلۇق ئىچىدە داۋاملاشماقتا. كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى بىلىدىغان ئادەم ئاقىل دەپ ئاتىلىدۇ. نېگىرلار قايتقىلى تۇرۇپتۇ؛ قارا كۆز قىزلىرىنىڭ چېھرىگە تىكىلىپ قارىمىدىم، ئوخشاش بەدەن، ئوخشاش ھەرىكەت؛

ئىشلار كۆپايە ئەمەس، چوقۇم خالىس ئىبادەت قىلىش كېرەك. بەيتۇللاھ تېمىنى سۆيدۇق، ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ قول كۆتۈردۇق، قۇشناچىم ياش تۆكتى، بەيتۇللاھتىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى. نامازدىن كېيىنلا كۆز چاقنىتىدىغان ماددىي دۇنيا ماھىيەتتە ئەخلەتلەر بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. پۇل بۇزمىدۇق، لېكىن بۇ نىجىستىن خالىي بولالمايمىز. ئەسلىمىنىڭ تايىنى يوق، چۈشلىرىم ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىۋاتماقتا.

ۋاقىت تەرتىپى بۇزۇلۇپ كەتتى، ۋاقىت ۋاقىتنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئۇنتۇش ساغلام

ياشاش ئۈچۈندۇر. ئاق مەسچىتتە قىلىنغان تەسىرلىك دۇئا ۋە يىغا-زارىنى ئاللاھ ماڭا كۆرسەتتى. ھاجىلار بۇقۇلداپ يىغلاپ ئەڭ يۇقىرى روھىي كامالەتكە، چوڭقۇر ھالەتكە يەتتى. جامائەت دۇئاسى بىلەن جامائەتكە تەسىر كۆرسەتكەن ئۆلىمالارنىڭ، موللىلارنىڭ دۇئاسى ئاللاھ رەھمىتى نۇقتىسىدا ئۇچرىشىپ ئۆزئارا نۇر، ئەجابەت شادلىقى بەرگۈسى. كىتاب ئوقۇغۇسى كەلمەيدىغان ئالىمنىڭ زېھنىنى توپا-چاڭ باسىدۇ، ناماز ئوقۇغۇسى كەلمەيدىغان ئابىد(ئىبادەت قىلغۇچى)نىڭ قەلبىنى شەھۋەت قاپلايدۇ. ئاللاھتىن باشقىدىن قورققۇچىنىڭ قەلبىنى ئۆلگىچە مەھكۇملۇق، دۇنياۋى قورقۇنچ ئازابى بېسىپ ياتىدۇ. كېسەل قەلبىنى شەھۋەت باكتېرىيىلىرى ئۆتمۈتۆشۈك قىلىدۇ؛ جەننەتمۇ، دوزاخمۇ ئۆلۈمدەكلا يېقىن، بەكلا يېقىن، لېكىن ئۆلۈمدىن بىخەۋەر غەپلەتتە ياشايمىز. قارايمىز، دۇنياغا تويمايمىز، تەسىرلىك دۇئادىن يېنىپ چىقىپلا دوللار ساناپ، بىچارىلىك، خارلىقنى ئۆزەمگە يىراق ھېسابلىدىم، شۇ قەدەر خاتىرجەم، خوشالمەنكى، بۇ كەيپىياتىم دوللاردىن كېلىۋاتامدىغاندۇ؟ دېمەك، ئىمانىم دائىم دۇنيادىن، ئاللىقانداق ۋەسۋەسىلەردىن زەرەتلىنىپ ئاجىزلىشىپ قالىدۇ. "تۇھىببۇنەل مالۇ ھۇببەن جەممەن" (سىلەر مال-دۇنياغا ئىنتايىن ئامراق) دېگەن ئايەت نەقەدەر توغرا ئېيتىلغان-ھە! ئاللاھ ئىگەم بىز بەندىلىرىنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. تەمكىن، سەۋرچان ئىبادەت ئۇشتۇمتۇت قىزغىنلىقنا، ئەسەبىيلىككە يولۇققاندا بۇرۇنقى يۆنىلىشىنى، ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە مەنسۇبىيىتىنى يوقاتماسلىقى كېرەك دەپ ئويلايمەن. ھەر بىر شەخس ئۆز مىجەزىگە بىنائەن تەقۋالىق قىلىدۇ، يارىتىلىش خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ دىنىغا، تەقۋادارلىقىغا يارىشا نىيەت ۋە ئەمەلنى تەقەززا قىلىدۇ، فىترەت ئۇنى شۇ تەرەپكە قىستايدۇ. ھىدايەت نۇرى شەيتاننىڭ، شەھۋەتنىڭ قاتمۇقات ھۇجۇملىرىنى چېكىندۇرۇپ تۇرمىسا، بۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق كۈچلىنىپ تۇرمىسا بىر يەرگە بېرىپ ئاجىزلىشىپ ئۆچۈپ قالىدۇ. بۇ خۇددى قۇرئاندا ئېيتىلغان پىلىسراتتىن ئۆتۈۋاتقان (ئىمانى ئاجىز) بەندە ئېلىپ يۈرگەن ئاجىز نۇرغا ئوخشايدۇ؛ نۇر ئاتا قىلغايسەن ئەي رەببىم ، قەلبىمىزگە سەندىن قورقۇشتىن باشقا قورقۇنچنى

ئاز سالغايسەن ، قەلبىمىزنى ھۆر، ئەركىن قىلغايسەن، بىزدەك بەندىنىڭ دۇئالىرىنى ئاڭلاپ تۇرىسەن، بىزگە رەھمەت قىلغىن. رەھمىتىڭ، شەپقىتىڭ قاغجىراپ كەتكەن زېمىنغا چۈشكەن يامغۇردەك مول، بىھېساب، بەندەڭنىڭ قەلبىنى ئۇنىڭ ئىمانى ئارقىلىق كۆچلەندۈرگەيسەن، مۇشۇ مۇقەددەس مەككىدە، بەيتۇلھەرام ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى مەسچىتلەردە ھەر كۈنى ناماز ئوقۇپ، دۇئا قىلىپ ياش تۆككەن كىشىلەرنىڭ بۇز زېمىندىن ئايرىلىش ئالدىدىكى دۇئا-ئىلتىجالىرىنى ئىجابەت قىلغايسەن؛ بۇ دۇنيادا ھەقىقەتەن ھىدايەتتىن چوڭ بايلىق يوق، بۇ مەنىۋى بايلىقىمىزنى تېخىمۇ زىيادە قىلغايسەن، بىزگە تېخىمۇ كۆپ ئىلىم بەرگەيسەن، باللىرىمىزنى ھىدايەت يولىغا مۇيەسسەر قىلغايسەن؛ ئاز، ساناقلىق كۈنلەردىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىمىز، بۇ دۇنيانى بىزنىڭ ئاداققى، مۇھىم مەقسەتلىرىمىز قىلمىغايسەن، بەلكى ئاخىرەت ھاياتىغا بىزنى ئالدىراتقايسەن...

كۆزۈمدىن ياش چىقمىسىمۇ، چىن دىلىمدىن مۇشۇنداق تىلەپ دۇئا قىلدىم. يېنىمدىكى جامائەت بىر-بىرلەپ تەسىرلىنىپ يىغلىشىپ، ئاخىر ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ دۇئا قىلىشتى. قېرىلار بىر دەمنىڭ ئىچىدە ياشلاردەك جۇشقۇنلىشىپ، روھلىنىپ، يۈكسەك كەيپىياتلىرى تەپتىدىن ئېرىپ، ئەڭ ئېسىل، ئۇنتۇلماس ھالىتىنى دۇنياغا كەلتۈردى، كۆز ياشلىرى بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ ھىدايەت، ئاللاھقا يۈنىلىش، ئۈمىد-ئىشەنچ مەۋقەسىدە قاينام ھاسىل قىلدى... ھەدىيەنى تاشلاپ يېنىپ چىقتىم. دۇنيا شەيتانلىرى مەككىدە مەينەتلىك ھاسىل قىلىشقا تىرىشسىمۇ ئاللاھ ئۇلارنى مەقسىتىگە يەتكۈزمىگەي. ئاللاھ بۇ مۇقەددەس شەھەرنى قوغدايدۇ، ئەمىن قىلىدۇ. ھاجىلار بۇ ئاخشامقى دۇئانى ئۆمرىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس يادنامە قىلىۋالسا بولىدۇ.

ئۇيقۇ ئۆلۈمدەك قاتتىق، شىرىنلىك غەپلەتكە يېقىن. يېڭى سائەت تاقاشقا باشلىدىم، ۋاقتىنىڭ ئالدىغا سېلىندىم. ئۆمۈر، قىسمەت مېنى ھەيدەپ ماڭماقتا. ئومۇمنىڭ كوت-كوتلىرى بازار شاۋقۇنلىرىدەك زېرىكىشلىك، مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز، قىممەتسىز.

قولاق سېلىنىدىغان گەپلەر بار، ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان بېزەك گەپلەر بار. ئۇ گەپلەر، غەيۋەتلەر يېقىمسىز تاۋۇش، زېرىكىشلىك شاۋقۇن-سۈرەندىن باشقا نەرسە ئەمەس. خاتىرە كېچىدىن سەھەرگە قاراپ ئۇچىرىغان نىمنى سوقۇپ بارىدۇ....

توردا ئەسرالاشقان ئەزھەربي تالىپ بۇرادىرىم يوقلاپ كەپتۇ، بۇ يىگىت يەنە بىر بىلىملىك سودىگەر ئاكىمىز بىلەن تونۇشۇشقا ۋەسىلە بولدى. دىنىي مەرىپەت ئوپۇقى كېڭەيمەكتە، ئەھلى ئىلىم بىلەن سۆھبەتلىشىش شادلىقى تولىمۇ قىممەتلىك.

ھاۋا بۇلۇتلۇق، ئۈزۈك-ئۈزۈك شاقىراپ يامغۇر ياغدى، مەككە باللىرى ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ تەنتەنە قىلىشتى. يوللار ئەۋرەز پاتقاقتا ئايلاندى. ئۇيقۇ مەنىسىز، ئەمما ۋاز كېچىلمەس بىر جەريان. ۋاھالەنكى، بەزى شىرىن چۈشلەر ئۇيقۇنى ئەھمىيەتلىك، مەنىلىك، گۈزەل بىر ھاياتلىق جەريانىغا ئايلاندۇرىدۇ، ئەمما ئۇ ئاز نېسىپ بولىدۇ. دىندىن يىراقلىشىپ دۇنياغا بېرىلىش قەدەمدە بىر داۋاملىشىدۇ. قورساق غېمى، راھەت تەلپۈنۈشى ئالدىمىزدا ئالدىراپ ماڭىدۇ، ئەگىشىمىز قوي پادىلىرىدەك؛ ئاددىي مەخلۇقمىز، ھالبۇكى، دىنىمىز بىزنى يۈكسەكلىككە باشلايدىغان روھىي ئېنېرگىيە. مۇناپىقلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندە ۋۇجۇدۇم قورۇلىدۇ، يۈرىكىم ئەلەم بىلەن سوقىدۇ. ئەتىگىنى تەقۋا بولسا، ئاخشىمى پاسىق بولىدىغان، شۇنداق قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار قويىندا ياشايدىغان بۇ دەۋر مۇسۇلمانلىرى دوزاخ ئازابىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشى كېرەك، ھەر بىر خەۋپلىك سەتەڭ ئالدىمىزدا پۇتلىشىپلا تۇرىدۇ، دۇنيا سەتەڭلىرى چاترىقىنى كېرىپ تۇرغاندا تەقۋا كىشى قاتتىق سىناققا دۇچ كېلىدۇ. ئەڭ چوڭ جىھاد ئۆزىنىڭ ھاۋايى ھەۋىسى بىلەن جىھاد قىلىشتۇر. نەپسىنى شەھۋەتتىن، ئاغزىنى تاتلىق غەيۋەتتىن توسالىغان مۇسۇلمان ھەقىقىي يۈزى يورۇق مۇسۇلماندۇر. "غەيۋەت زىنادىن يامانراق گۇناھ" دېگەن مەزمۇندىكى بىر ھەدىس پېقىرنى خېلى ئوڭشىغاندى، ئەمما يامان خۇي يەنە يوقالماي ئاغزىم قىچىشتى، قىچىشقاقنى قاشلىغانچە تېخىمۇ قىچىشتى، شەلۋەرىدى، ئازاب يىرىڭلىرى يەنە قەقەش بولۇپ قېتىپ قالدى. شەيتان لەئىن دائىم ئەقىل ۋە

ئىمانىمىزنىڭ بويىنغا مىنۋالىدۇ، رودۇپايىدەك چاپلىشىۋېلىپ چۇشمەيدۇ؛ مەككىدىكى رودۇپايلار تېخىمۇ زالىم. سۆزلىگەندە بىزگە قاراپ تۇرىدىغان، سۆزلىرىمىزنى خاتىرىلىۋالىدىغان پەرىشتىلەرنى كۆرەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ھەممىنى ئاڭلاپ كۆرۈپ تۇرىدىغان يىگانە ئاللاھنى دائىم ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، كۆپ ھاللاردا ئاغزىمىزغا كەلگەننى بوغۇزىمىزغا يۇتمايمىز، خىيالىمىزغا كەلگەننى ئىلغىماي دەۋېرىمىز، غەيۋەت ۋە سۇخەنچىلىككە بىلىپ بىلمەي ئارىلىشىپ قالىمىز، پىتنە-پاساتتا گاھى باش، گاھى قوشۇمچە رول ئالىمىز. گۇناھلىرىمىز دومىلىغانچە يوغىناپ كېتىۋېرىدىغان قار پومزەكلىرىگە ئوخشايدۇ، بۇ پومزەك بارا-بارا قاتتىق قېتىپ كەتكەن قاپقارا مۇزغا ئايلىنىدۇ، ئۇنى ياخشى ئەمەللەرلا ئېرىتىپ پاكلايدۇ، كۆڭۈللەرگە كۆكلەم شادلىقى مەيىن شامالدەك يېتىپ كېلىدۇ، قەلب ياشىرىدۇ، ئىمانىمىز دائىم مېۋە بېرىدىغان مەۋسۇملەرنى ئۆمۈر بويى قەدىرلەش، شۇنىڭغا يارىشا ھەرىكەت قىلىش كېرەك.

ۋادەرىخ! جەمئىيەت مۇرەككەپ، بىر كېلىدۇ، ئاۋارە قىلىدۇ، گەپ قىلىپ دىققىتىڭنى بۆلىدۇ؛ ياشىغانكەنسەن، دىققىتىڭ چېچىلىپلا تۇرىدۇ. ئەھمىيەتلىك ئىش تاپالمىغان ئۇيچە ئادەم مەنىسىزلىككە ھامىلدار، قۇرۇق گەپتىن ئارتۇق ئىسراپچىلىق بارمۇ بۇ دۇنيادا؟ ماددىي ئىسراپچىلىقمۇ پۇچەك كاللىلاردىن چىققان پىلانىنىڭ قۇرۇق پاراڭ ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىشى؛ بىلىم يوق، ئالدىن كۆرەرلىكى يوق پىلانىنىڭ زىيىنى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

خىزمەتنى ئاكتىپ، خۇشال ئىشلىدۇق. قائىدىگە بويسۇنمىغان ھاجىلارنىڭ زەم-زەم سۈيىنى چامدىنىدىن سۇغۇرۇۋالدۇق. جاپا ۋە قىيىنچىلىقتا ئۆسكەن قېرىلار چامدان كۆتۈرۈش ۋە ئۇنى باغلاش ماھىرلىرىغا ئايلاندى. گەنسۇنىڭ ھاجى خېنىملىرى ئىللىق تەسىرات بېرىپ ئۆتتى. بۇ كەچتە جىددە شەھىرىگە بېرىپ بىر ئەرەب بايىنىڭ داچىسىدا تاماق يېدۇق، ھەدىيە بىر چىكولاتا بىلەن تۈگىدى، تاماخورلۇقتا لەنەت ئوقۇدۇم. بايلىق ۋەسۋەسىلىرى ئۆلگىچە تۈگىمەيدۇ، دۇنيا ھاياتىغا ئەڭ چوڭ ئۈمىد باغلىغانلار ئاخىر چوقۇم ئۈمىدسىزلەنمەي

قالمايدۇ. روھىمىزنى ماددىنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلدۇرغاندىلا ھەقىقىي ئازادلىققە ئېرىشىمىز. ئاللاھ بۇ ئەرەبلەرنىڭ روھىنى باي قىلدى، ماددىي راھەتكە ئېرىشتۈردى، خوتۇن-قىزلىرىغا ئىسلامىي مۇھىت يارىتىپ بەردى. ۋاھابىلار ئەمەلىي ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزۈپتۇ، پادىشاھ تەقۋالىقىنى تاشلىماپتۇ. پادىشاھ ئابدۇللاھ ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى-ھەقىقىي پادىشاھ ئاللاھقا سەجدە قىلغاندىلا كۆڭلى ئارام تېپىشى مۇمكىن.

سەھەر ۋاقتى ئىدى، ھەرەم مەسچىتىدە ناماز ئوقۇپ، قىرائەت ئاڭلاپ، ئاندىن ياتاققا كېلىپ ئۇخلىغاندىم. چۈشۈمدە ئۆلۈم، قەبرە زاھىر بولدى. قەبرە ئازابى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ... دېگەن بىر ئۇقۇم كاللامنى سىلكىدى، گىرىمسەن چۈش مۇھىتىدىن چۆچۈپرەك ئويغاندىم. تۈنۈگۈنكى ئىشلار بىلەن بۈگۈنكى ئىشلار خىيالىمدا ئارىلىشىپ كەتتى. ئەھلى سۈننەۋەلجامائەنىڭ ئاساسلىق ئىدىيىسى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئېنىق تونۇشتۇم. بىر كىتابنى ئوقۇپلا ئۆزەمنى ئالىم بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلسام قاملاشمايدۇ، مەن تېخى موللا ئەمەس، كىچىك كۇفرىلار، غەزەپ-ئاچچىقلار يوشۇرۇن ئېڭىمدا شەيتان بىلەن بىللە...

ياشلار كوت-كوت پاراڭ، غەيۋەت، ئابروي تالىشىش، باشقىلارنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇش، خەقنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكتىن خۇرسەن بولۇشتەك رەزىل، جاھىل مەرەزدىن قۇتۇلمىغىچە دىلى ساقايمايدۇ، بۇ ئوسال تەبىئىتىنى قېرىلىققىچە سۆرەپ ئاپىرىپ ئۆزىنى ھەم ئۆزگىلەرنى ئازابلايدۇ. ئەڭ يامىنى گۇناھىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، ياخشىلىقىنى يوققا چىقىرىدۇ.

بىرسى بىلەن مۇنازىرىلەشتىم، قايىل قىلالمىدىم. ئىلىم، ماھارەت، تەمكىنلىك تەلەپ قىلىدىغان ئىش. ھەقنى سۆزلىدىم دەپ پو ئاتالمايمەن، ئەڭ ھەقنى، ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھ. ھىدايەت ئاللاھتىن كېلىدۇ، جىمى ياخشىلىق ئاللاھنىڭ ئىلكىدە. بۇ ھالىتىمدە مەن كەمتەر، سەممىي، كىچىك پېئىل بولۇشۇم، ئاز بىلىمىمنى كۆز-كۆز قىلماسلىقىم، باشقىلارنىڭ تىتاڭ تومۇرىنى باشتا ئوبدان بايقاپ، ئاندىن گەپ ئېچىشىم كېرەك. كۆزىنى

يۇمۇۋېلىپ ئەزۋەيلەش ناھايىتى سەت قىلىق ئىكەن. ئۆزىمىزگە ھاي بېرىش سەنئىتى سالاپەت پەيدا قىلىدىكەن؛ سەۋر، كەڭ قورساقلىق ئاجايىپ ئېسىل خىسلەت ئىكەن؛

مەككىنىڭ قىش كۈنلىرى راھەت بولسا كېرەك، ئالدىغان نەرسىنى ئالدۇق، ئۈنىڭغا كەتكەن ۋاقتىمىز، كۈچ-قۇۋۋىتىمىزنىڭ ھېسابى، قىممىتى نامەلۇم. دوللا، سائەت بىلەن ۋاقتىمىزنى ئۆلچەيمىز. زاتەن بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ئىسراپچىلىق بىلەن تولغان. نۇرغۇن ئادەم تىركىشىپ ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە ئەزىزلەر خاتىرجەم، پەقىرلەر پەرىشان.

كىچىككىنە ئىشلار چوڭ خىيال پەيدا قىلىدۇ، ئەرزىمەس كۆڭۈلسىزلىك گاھىدا چوڭ خاپىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىمان ھۆزۈرىدىكى قەلب ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ دانا رەھبىرى بولالايدۇ. بىكارچىلىق ۋە ئىچ پۇشۇقى ئېچىنىشلىق ھالەت، ئارام ئەسناسىدا ئۇيقۇدىن بۆلەك ئەھمىيەتلىك ئىشنى تاپالمايۋاتىمەن، بىر ئاز بولسىمۇ كىتاب ئوقۇش خۇمارىمنى بېسىقتۇردۇم. ئاللاھتىن ئىلمىمنىڭ زىيادە بولۇشىنى تىلىدىم؛ چۈنكى بىلىمسىزلىكىم ، قابىلىيەتسىزلىكىم ، ئەقىل ئىشلىتىشتىكى ناقىسلىقىم دائىم بىئاراملىق تۇغدۇرىدۇ.

سەھەردە ھەرەم مەسچىتىگە كېتىۋېتىپ ئاچچىق خىيال سۈردۈم، شەيتان يولۇمغا ھەمراھ بولدى. پىكىر-خىيالىمنىڭ قېرىشىشىغا كۆنۈپ كەتتىم. نېمەم نېمەدىن غالىپ كېلىدۇ؟ روھىم بۆلۈنۈپ كەتتىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە شۇنچىلىك ئاددىي مەخلۇق ئىكەنمەنكى، چىۋىنىنىڭ قانىتىدەك كىچىككىنە رەزگى ئىشلار، خاپىلىقلارمۇ دىققىتىمنى چېچىپ، ئىچىمنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ، ئەسلى ھالىتىمنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتەلەيدۇ، سابىت (مۇستەھكەم تۇرالمايمەن، ئىزگۈلۈكۈمنى ئاجىز، بوزەك كۆرىمەن؛ قوپاللىق، زوراۋانلىقخا، جىسمانىي نوچىلىققا ھەۋەسلىنىمەن، مېنى كەمسىتكەن، ھاقارەتلىگەن، قول تەگلىگەن ئەبلەخلەرنى ئۇرۇپ مىجىۋەتكۈم، قاتتىق قورقۇتۇپ قويغۇم كېلىدۇ؛ ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم، ئاللاھ ساقلىسۇن، ئاچچىق ئاچچىقنى ئۇلغايتىدۇ، ئۆچمەنلىك ئۆچمەنلىكنى چوڭايتىدۇ، غەزەپ غەزەپنى ئەۋجىگە چىقىرىدۇ؛ ئوت ئوتنى ئۇلغايتىدۇ، ئوتنى پەقەت سۇ ئۆچۈرىدۇ؛ سۇ،

ئېقىپ تۇرغان سۈزۈك سۇ... ئاللاھ ئىزنى بىلەن قەلبىمىزگە شىپالىق بەر؛ مەن سېنى زەم-زەم سۈيىدەك قەدىرلەپ ئىچەي، قەلبىمنى ياشارتاي.

ئاكام بىلەن بىر چاغدا ئاتۇشتا ئىچكەن هاراقلىرىم، مەستلىكىم، ئاكا-ئۇكا ئىككىمىزنىڭ تەڭلا سەندىرەكلەپ يىقىلىشلىرىمىز (خارلىقلىرىمىز) يادىمغا يەتتى، ئەگەر شۇ مەستلىكتە ئۆلۈپ كەتكەن بولساق ئىمانسىز كېتەرمىدۇق؟ ئاللاھ مېنى هازىرغىچە ياشاتمىغان بولسا بەيتۇللاهنى ئىككى قېتىم تاۋاپ قىلالارمىدىم؟ ئەسلىدىم، ئويلاندىم، ئاللاهقا چىن دىلىمدىن شۈكرى قىلدىم، هەمدۇسانا ئېيتتىم. ئۆمۈر-رىزىق بەرگۈچى، ئەقىل بەرگۈچى ، ئىمان، هىدايەت، ياخشىلىق ۋە باشقا بارلىق نېمەتلەرنى بەرگۈچى ئۇ زاتقا هەر كۈنى تەشەككۈر ئېيتىپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

هەج پائالىيىتى سىياسىي نۇقتىدىن ئالغاندا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى خەلقئارالىق پائالىيەت. هاجىلىرىمىز ئەمەلىيەتتە دۆلىتىمىزنىڭ هەر يىللىق تەرەققىيات ئەهۋالىنى مۇسۇلمان ئەللەرگە نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ، هاجىلىرىمىزنىڭ سۈپەت-ساپاسى دۆلىتىمىزنىڭ ئوبرازىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بۇنى مەركەز بىلىدۇ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلىدۇ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى بىلىدۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تېخىمۇ ئوبدان، ئېنىق بىلىدۇ. لېكىن بەزى مەسىلە، بولۇپمۇ تارقاق هەج مەسىلىسى دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ئوبرازىغا تاقىشىپ ، هازىرغىچە هەل بولماي كېلىۋاتقان مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ قالدى.

بۇ يىلقى هەج ئۆمىكىگە 9799 هاجى قاتنىشىپ پەرزىنى ئادا قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭلىق هاجىلار 3300 ئەتراپىدا، قالغىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن. بۇ يىل چىققان 5300دىن كۆپ تارقاق هاجىنىڭ قانچىسى ئۇيغۇر، قانچىسى خۇيزۇ، ئۇققىلى بولمىدى. بەلكىم

ئۇيغۇرلار كۆپ ، بۇنىڭ ئىچىدە خوتەنلىك، قەشقەرلىك ئەڭ كۆپ... دېگەن پەرەزلەر بولدى. تارقاق ھاجىلارمۇ ئاخىرقى ھېسابتا دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدى. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئىجرائاتىدا مەسىلە كۆرۈلمىسىلا، دىنىي ئىدارىلەرنىڭ ھۆكۈمىتىمىز بىلەن ئېتىقادچى ئامما ئارىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولى ياخشى جارى بولىدۇ. ئەگەر بۇ كۆۋرۈكلۈك رول مايماق كەتسە، ئامما ھۆكۈمەتكە نارازى بولىدۇ، يۇقىرىنىڭ توغرا يوليورۇق، تەشۋىقاتلىرى خەلق قەلبىگە يېتىپ بارالمايدۇ، ئىش ئاقسايدۇ ياكى بۇزۇلىدۇ، شۇڭا مەركەز بىلەن يەرلىك ئوتتۇرىسىدا بىرلىك، راستچىللىق، سادىقلىق، ھەمدەملىك بولۇشى كېرەك. مۇبادا ھەممە جايدا شەكىلۋازلىق، تاماخورلۇق بىلەن ئىش بېجىرىش ئومۇملىشىپ قالسا "خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش" ، "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش"، "8 شەرەپ 8 نومۇس" دېگەن چاقىرىقلارمۇ كۈچىنى يوقىتىدۇ. "نېمىلا قىلساڭلار پۇل تېپىڭلار"، " پۇل ھەممىدىن مۇھىم، پۇل ھەممىگە خوجايىن" دېگەن يوشۇرۇن شوئارلار جەمئىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

بايلار رايونىدىكى ماللار كۆز قاماشتۇردى، دىلنى رام قىلدى، بىر مۇنچە ئەتىر ئالدىم، زىلۋا ئەرەب قىزلىرى قىيا باقتى، ئوماق باللىرى ھارۋىدا پەرىشتىدەك پاك، غەرەزسىز، ئوماق ئولتۇراتتى. يەيدىغان، ئىچىدىغان، كىيىدىغان، پۇرايدىغان، سۆۋايدىغان نەرسىلەرنى ئاختۇرۇپ تاپتۇق، ئاررۇلاپ ئالدۇق، باشقا غەم ئۆز جايىدا توختاپ قالدى. دىققەتنى ئاخىرەت جەلپ قىلىپ تۇرسا بولاتتى، ئۇنداق بولمىدى، بىز دائىم بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ كۆنۈپ كەتكەن-دە!

ئۇ كىتابنىڭ سەھىپىسىگە باقتىم، كۆزلىرىمگە خەتلەر سەكرەپ-سەكرەپ چىقىۋاتقاندەك كۆرۈندى، چوڭ گۇناھلار تۆۋەندىكىچە (تەرتىپ بويىچە): ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلىش، ئوغرىلىق، سېھىرگەرلىك، پاك ئاياللارغا تۆھمەت قىلىش، يېتىم ھەققىنى يېيىش، جازانە، ئاتا-ئانىغا ئاسىيلىق قىلىش، يالغاندىن قەسەم قىلىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، ھاراق ئىچىش، يالغان سۆزلەش، غەيۋەت، سۇخەنچىلىك...

ئاللاھتىن، ئاخىرەت كۈنىدىن قورقۇپ يۇقىرىقى چوڭ گۇناھلاردىن مۇمكىنقەدەر ساقلىنىش، دوزاخ ئوتىدىن قېچىش كېرەك. ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش ئارقىلىق سالىھ ئەمەللىرىمىزنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ، ھەقىقىي مۆمىنلىك مەقامىغا يېتىپ، جەننەتنىڭ بوسۇغۇسىغا بولسىمۇ ئۇلىشىشىمىز لازىم. قۇرئان ھېكمىتىدىن، رەسۇلۇللاھ سۈننىتىدىن ھەر ۋاقىت مەنىۋى ئوزۇق، يوليورۇق ئېلىپ ئىش ئەمەللىرىمىزگە يولباشچى قىلغاندىلا، ئازغۇنلۇققا كىرىپ قالماي، مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز، ئاللاھتىن مۇۋەپپەقىيەت، نىجاتلىق تىلەيمىز.

كېچىسى ئۇخلىيالمىدىم، زىنانىڭ لەززىتىدىن پۇشايمىنى، ئازابى كۆپ، ئاخىرەتتىكى ئازابىغا بولسا گەپ توغرا كەلمەيدۇ. ئاللاھ ئەپۇ قىلمىسا، قىيامەتتە زىناكارلار چوقۇم زىيان تارتىدۇ، دەھشەتلىك ئازابقا قالىدۇ. شۇڭا بىر دەملىك ھاۋايى ھەۋەسنى دەپ ئىككىلا دۇنيادا رەسۋايى ئەزىم بولماسلىق كېرەك. شەيتان ئاشۇ ھايۋانىي قىلىقلارغا بىزنى كۈشكۈرتۈپ، زىنانى ئالامەت شېرىن، گۈزەل، بەختلىك كۆرسىتىۋەتسىمۇ، ئاللاھ ئازابىنى ئەسكە ئېلىشتىن ھەرگىز چەتتە قالماسلىقىمىز كېرەك. ئادەم بايقىمىغاندا غەلەت بولىدۇ، ھەۋەسنى تۇتالمىغاندا شەھۋەت سويۇقلۇقى يامرىغان غىلتاڭلىققا تېيىلىپ، كۈتۈلمىگەن ئازابقا قالىدۇ.  ئەيدىز كېسىلى شەيتاننىڭ غەلبىلىك كۈلكىسىنى، دوزاخ ئوتىنىڭ قاباھەتلىك چوڭقۇرلۇقتىن كېلىۋاتقان ئاللىقانداق تىۋىشىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ.   قەلبىمىز ئويۇن، غەپلەت ماكانىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان بۇ چاغ، بۇ ھالەتتە ئىماننى چىڭ ساقلاپ تۇرۇش پاختىنىڭ ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك قىيىن. شۇنداقتىمۇ، مۇشكۇلات ۋە شەھۋەتكە سەۋر-تاقەت قىلىپ، قىزىقساق جەننەتكە قىزىقىپ، جەننەتكە ھەرگىز ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمۈر بويى تىرىشىش كېرەكلىكىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك.

تۆنۈگۈن تېخى يۇرتداشلىرىنى مەككىدىن ئۇزىتىپ قويۇپ: "بۇگۈن بىز سىلەرنى ئۇزاتساق، ئەتە كىم بىزنى ئۇزىتىپ قويار؟" دەپ پاراڭ سالغان نىڭشيالىق موماي كېچىدىن يۈرەك كېسىلى تۇتۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

يەنە بازارغا باردۇق، بىر نېمىلەرنى ئالدۇق. بايلىق كېسلى يامان كېسەلكەن، نېرۋىلار ماددىغا تۇتاش كېلىدىكەن، كۆرۈپ، تۇتۇپ، پۇراپ ئالىدىغان نەرسىلەر پۈتۈن روھىمىزنى مەست قىلدى. قىزىقىش ھاياتىمىزغا رەڭ بېرىدۇ، ھەۋەستىن قەلبلەر قاساۋەتلىشىپمۇ كېتىدۇ. ئىجادىيەت چوڭى ئۆزاققا سوزۇلىدىغان بولدى، شائىرلار ئۇنتۇغاق كېلىدۇ، ئەمما تېز ئەسكە ئالىدۇ، تىلى قېيىپ تۇرىدۇ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا زەھەرلىك ئوت-چۆپ دەپ قارالغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە مۇھەببەت باش تېما قىلىنغان، ھازىر ئىدىيىدە كەڭچىلىك، لېكىن كاللىمىز قۇرۇپ كەتتى. يات جىنس بەرىبىر چىۋىن ئەمەس، بىز چىۋىنغا قىلچە ھېسسىيات تۇيمايمىز، بەلكى ئادەمگە ـ ئەرلەرنىڭ يېرىمىدەك سۆپەتتە يارىتىلغان ئايالىلارغا ھېسسىيات بېرىمىز، قىزىقىمىز، ئىنتىلىمىز، شەھۋەت نەپسى تۇغما تەبىئەت. ئەمما ئۇنى توغرا ئىزىغا سېلىشىمىز، ھەددىمىزدىن ئاشماسلىقىمىز كېرەك.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ھۆررا توۋلاپ جەڭ قىلغان كونا جەڭچىنى_84 ياشلىق ھاجىنى ئۇزىتىپ قويدۇق، پۇلى يوق ھالدا پاكىستاندىن غۇلجىغا قانداق كەتتى، بىلمىدۇق. ئاپتاپتا ماغدىرىم، ئوتتۇرا مەكتەپ ئالدىدا قارا رومالىلىق تالىبەلەر يول بويىدا چىرايلىق ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى، ئەتراپقا قىزىقىپ نەزەر سېلىشاتتى. ئۇيقۇ ئارامبەخش دورا بولدى، مىجەز غەلىتە ئارام تاپتى. ھولۇلۇپ ئادەم ئاخىر تەمكىنلىك بىلەن جان بېرەلەرمۇ؟ قەلەم قۇرىدى، پىكىر تېپىزلاشتى، ئۇيقۇ قاچتى، بىر نەرسە يازسامۇ ئۆتىدۇ بۇ كۈن، يازمىسامۇ ئوخشاش. ئەمما چۈمۈلىنىڭ ئىزىدەك بولسىمۇ بىر ئاز-ئەسنا قالسۇن دېدىم. قېرىلار مەككىدىن ئايرىلالماي يۈرگەندەك قىلىدۇ، ياشلار ئاساسەن كېتىپ بوپتۇ. مۇزىكا، زوراۋانلىق، جىنسىيەت ۋە باشقا قۇتراش، قىتىغۇرلۇقلار ماكانىمىزغا قايتقاندىن كېيىن سەزگۈلىرىمىزنى غىدىقلايدۇ. بەلكىم مىليونلىغان ھاجى كەئبە ھۆرمىتىنى ساقلاپ، گۇناھلىرىدىن پاكلانغاندۇ؛ ماكانلىرىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئىككى ھەرەم شەرىپىنى ۋە ئىككى ھەرەم روھىنى قوغدايدىغان، ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزىدىغان مۆتىۋەر مۇسۇلمانلاردىن بولغاندۇ، ئىنشائاللاھ.

ئۆزۈم شەربىتى ئەرەب راھىتىنى ھېس قىلدۇردى، ئېلىمىزنىڭ ساختا ماللىرى دۇنياغا داڭلىق، شوئارۋازلىق، شەكىلۋازلىق شەقىيلىقىدىن تارتىپ ئادەتتە كۈندە ئىستېمال قىلىدىغان نەرسىلەرگىچىلىك ساختا. سەمىمىي بىر سۈپەت، كىشىنى ھەقىقىي سۆيۈندۈرىدىغان ھالەت بەك ئاز. پۇلنىڭ دىدارى ھەممىدىن ئابرويلۇق بولۇپ كەتكەن بۇ دۇنيادا ئادەم دىدارىنى كۆرمەك تەسلىشىپ كەتتى. ئادەم قەدىرلىنىش ئىستىكىدە ئوت بولۇپ يانىدۇ، ئەمما ھەقىقىي قەدىر-قىممەت، ھەقىقىي خارلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ياشاۋاتقانلارمۇ بار. ماددىي غەمگە قاپسىلىپ قالغان كاللىغا تەقۋالىق ئاجىز تەسىر قىلىدىكەن، نامازنى يەنە خۇشۇ ئىلكىدە ئوقۇيالىدىم، ۋۇجۇدىمىزغا دۇنيادىن غايەت بېسىم، ۋەسۋەسە كېلىدۇ.

خەجلىمەيدىغان نېمىگە پۇل خەجلىدۇق، كاللا قىززىپ كەتتى؛ مال ئېلىش خۇمارىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندىم. ھاجى خېنىمنىڭ تەبەسسۇمىدەك يېقىملىق ماللار ئۆز جەزبىسىنى كۆرسەتتى، دوللارنى تازىلىق قەغىزىنى چىقارغاندەك چىقىرىپ سۇندۇم، سەئۇدى خاقانىنىڭ پۇللىرى يەنە ئاۋۇپ قالدى، بۇنىڭغا يەنە بىر نەرسە ئېلىپ پاك پاكىز خەجلىۋېتىش كېرەك. دۆلىتىمىزدە دوللارنىڭ قىممىتى داۋاملىق چۈشۈۋېتىپتۇ. ئىقتىساد ئادەملەرنىڭ قان-تومۇرىنى چىرمىۋالغان كېسەل، ئاسمىكۆلدەك ئېسىقلىق كىرىم-چىقىمغا ھالسىز، ئەمما ئۈمىدۋار كېسەلدەك قاراپ-قاراپ قويىمىز.

پارچە-پارچە تەپسىلاتلارنىڭ جەۋھىرى جۈمە نامىزى، قالغان تۆت ۋاق ناماز (جامائەت بىلەن ئوقۇدۇم) ۋە ھەرەم مەسچىتىدە قۇرئان ئوقۇغىنىم بولدى، ھاياتىمدىكى ئېسىل تەرمىلەر شۇ. بۇ ئەمەللىرىم ــ تېرىغان زىرائىتىم ئاخىرەتتە مېۋە-ھوسۇل بەرسە دەيمەن.

كىشىلەرگە كىچىككىنە مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئارقىدىن مىننەت، تاما قىلىدىغان چۈپەيلىك پىتقا ئوخشاش چاپلىشىۋالدى. بۇ پىتلارنى ئۆلتۈرمىگىچە ۋۇجۇدۇم راھەتلەنمەيدۇ. جۈمەدە ۋەز-تەبلىغنى يېڭى كەيپىياتتا ئاڭلىشىمغا «شەھۋەت» دېگەن جەلبكار سۆز سەۋەب بولدى. ھاۋايى ھەۋەس ھىجرانلىق 10 كۈندىن كېيىن ئىمانىمغا قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇنىڭ

سەركەردىسى چوقۇم يېڭى شەيتان. شەيتانلارمۇ ئالمىشىپ يېڭىلىنىپ تۇرامدىكىن دەيمەن (ۋاللاھۇ ئەئلەم بىسساۋاب)، ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر. خىزمەتداشلىرىم كۈن ساناپ، ئاز ئىشلەپ، كۆپ ئۇخلاپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەكتە، بەزىلىرى ئەسەبىيلىك بىلەن مال ئالماقتا. قەلەمنىڭ رېڭى يەنە تۈگىدى، ياندا قوش خورەك نۆۋەتلەشمەكتە.ئايالچە بىر ئەتىرنى ساتتىم، ئامەت ياكى زىيان ئېلىپ كېلىشى ناتايىن ئىشلارغا قەتئىي كۆڭۈل بۆلمەسلىك، ئەپسۇسلانماسلىق، ئىچ ئاغرىتماسلىق ياكى خۇرسەن بولماسلىق كېرەك. تەسەللىيمۇ، نادامەتمۇ ئاقمايدۇ. سودىدا بىز بىلمىسىز، ئەمما زىيان-زىيانلا دەپ ھېچنېمە خەجلىمەي تۇرالمايمىز. ئەڭ ئىسراپ قىلىۋاتقىنىمىز ۋاقىت، ئۇ ئەسلىدە بىباھا بايلىق، بىز ئۇنى كەڭتاشا دەپ دائىم خاتا ئويلايمىز ۋە بىخۇت يۈرۈيمىز.

ھەقىقىي بەخت ئىماندا، نامازدا، شەيتان بۇنى بىلدۈرمەيدۇ. ئادەمسەن، پەرىشتە ئەمەسسەن، تەن بەر، ئانچە-مۇنچە گۇناھ قىلىپ تۇر، ئاللاھ غەفۇرۇررەھىم، قانچە گۇناھ قىلساڭمۇ ئەپۇ قىلىدۇ... دەپ ئاللاھنىڭ رەھىمدىللىكىنى، ئەپۇ ۋە رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ ئادەمگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ. ماددىغا بېرىلىپ كەتتىم، بىر سائەتنى ئالماشتۇرىمەن دەپ ئۈچ قېتىم سوكۇلداپ نامازنى يولدا ئوقۇدۇم، ھەرەم مەسچىتىگە بارالمىدىم، ئاخىر تاللاپ ئالماشتۇرغان سائەتمۇ ناچار بىر نېمە بولۇپ چىقتى، ئىچىم پۇشتى، مانا، ماددىي پاراغەتنى، مۇكەممەل سۆيەتنى قوغلاشقانىنىڭ ئاقىۋىتى.

تۈركىيە تائاملىرى تېتىدى، رەڭمۇ رەڭ ئادەملەر بىر نەپەس، بىر ئىستەكتە بىر خىل رەڭگە ئايلىنىدۇ. نېگىرلار كۈچلۈك، چەبدەس كۆرۈنىدۇ، ئاياللىرى يانپاشلاپ يېتىپ بىر نەرسە ساتىدۇ، بالىلىرى قۇچىقىدا، يېنىدا، يولدا، ۋەلىسپىتتە، ماشىنىدا ...يۈرۈۋاتقاندەك قىلىدۇ. مەككىنىڭ مېھرى بار، سالقىن شامال جانغا ئارام بەخش ئەتتى، يولدا ئادەملەر ئازلاپ قالدى. رەسمى ھەجدىن كېيىن مەككىدە كۆپ تۇرۇش ياخشى ئىش ئەمەسكەن، تەقۋالىق بوشىشىپ، قىزغىن كەيپىيات سۇسلىشىپ قالىدىكەن؛ چىدامسىز ئىنسان ئاسانلا خىمىرىغا يېنىپ،

ئۆزىنى ئۆزى ئەيلىيەلمەي، قەدەملىرىنى پەملىيەلمەي، كېيىنكى نىشانىنى چەنلىيەلمەي قالىدىكەن؛ ئىمان مېۋىسى غورا تۇرسىمۇ ئاللىقاچان پىشىپ بولغاندەك ھېس قىلىدىكەن، ئىمان مېۋىسىدىن ئۆمۈر بويى بەھرىلىنىپ ياشايدىغانلارلا بەختلىك بۇ دۇنيادا...

نامخال، ئوتتۇراھال سېكو (سائەت)، خوتۇنۇمنىڭ قاپىقى، قېرىنداشلار رىشتىسى، كەلگۈسى خۇشاللىق ۋە ئاچچىق... بىردەملىك ھېسسىيات ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋەيرانە كەپىلىرىم. بۇ سائەتنى تاقىسا ماڭىدىكەن، ئادەم ھەرىكەتكە ئەگىشىپ ھەرىكەتلىنىدىكەن. ئادەم قاتتىق زەربىگە يولۇققاندا يولىنى توغرا تېپىپ ماڭالامدىكىن. يالغۇز ئايلاندىم، خىيالىم بىلەن قوشقاندا ئىككى ئادەم، مۇڭدىشىپ ماڭدۇق، قېرىشىپ ئارقىدىن يارىشىپ قالدۇق. باشلىقلارغا ئوبدان كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنۇپ كېتىمىز، ھەقىقىي ئىگىمىز پەرۋەردىگارىمىزغا ناھايىتى ئاز شۈكرى قىلىمىز، بىچارە بەندە بولساقمۇ روھىمىزنى ئىمان بىلەن نېمىشقا كۈچلەندۈرمەيمىز؟ !

پەيغەمبىرىمىز توغرىسىدا ئىشلەنگەن بىر فىلىمدە بەدرى ئۇرۇشى مەنزىرىسى نامايەن بولدى، مۇسۇلمان سەركەردە كۈپپارلار باتۇرىنى ئۆلتۈردى، ئاللاھۇ ئەكبەر دېگەن جانلىق قەسەم سامادا ياڭرىدى، ئادالەت نۇرىدا پارقىراپ كەتكەن كۆز ۋە قىلىچ ئىمان جەزبىسىنى كۆرسەتتى .ئاللاھ ياردەم بەرمىسە ھېچ ئىنسان غەلىبە قىلالمايدۇ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ چىن مەنىسىنى تېخى سىڭدۈرەلمىدىم ، ھاياتىمدا بۇ ئاڭنى قوبۇل قىلالمىدىم ، سودىغا، چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇشقا... ۋە باشقا ئۆزەمنى ئۆزگەرتىدىغان نۇرغۇن خەيرلىك، قىزىقارلىق ئىشلارغا تەۋەككۇل قىلالمىدىم، تەجرىبەم ئاساسەن كۆنۈككەن ئاڭغا تاياندى، تىرىكچىلىك ھەرىكەتلىرىم پۇچەكلەشتى، قىممەت تاپالمىدى، ئاللاھقا يۆلىنىشنى ياشامىلىرىمدا ياشاپ باقسام ئىدىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم شىجائەتكە، قورقۇمسىز راھەتكە ئېرىشەتتى...

بۈگۈن سەھەردە قۇرئان ئاڭلاپ يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن، بىخۇد، بوش، لەيلىمە كاللىنى شەيتان دومىلىتىپ ئويناپتۇ. ئويغانغان ۋاقتىمدا قۇلىقىمغا قىرائەت-ئازابقا دۇچار

بولىدىغانلارغا ئائىت ئايەت ئاڭلاندى .

ئۇزاقلا بارىدىغان نۇر ھاياتىمنى يورۇتسۇن، مەسچىتكە ماڭىدىغان قەدەملىرىم كۆپ بولسۇن، كۆڭۈل زۇلمىتىدىن كۆڭۈل ئايدىڭلىقىغا، قەلب كورلۇقىدىن قەلب روشەنلىكىگە، ھورۇنلۇق ۋە قاشاڭلىقتىن تىرىشچانلىق، چاققانلىققا ئاتلاپ-ئاتلاپ ئۆتەي، ئەسفەلە (پەس) ئۆزەمدىن ئەزىز ئۆزەمگە يۆتكىلەي، تەسەۋۋۇرۇمدىن تاشقىرى، ئەمما بارلىقىغا ئىشەنچىم كامىل جەننەتى فىردەۋسكە دائىم قىزىقاي، ئۇ نىجاتلىق مەنزىلىگە يۈزلىنىپ تۇراي، شۇنداق ياشاي.

ماددا مېڭە ھۈجەيرىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، روھىمىزنى جەلپ قىلىدۇ. قول ئىچىگە ئېگىلىپ نەپسانىيەت كامىرىغا كىرىپ-چىقىپ تۇرىدۇ. تىنجىپ قالغان كوچىلاردا راھەت شامال خۇشال ئەگىمەكتە. مەسجىدى ھەرام شۇنچە يېقىن تۇرۇپ، قەلبىمدىن تۈيۈقسىز يىراقلىشىپ كەتتى؛ قەدەملىرىم دۇكانغا تارتىپ، مەيلىمنى پۈچەكلىككە باغلاپ قويدى .كونا ئىبادەتلىرىمنى كالىدەك كۆشىمەكتىمەن. كەلگۈسىدىن خەۋىرىم يوق، بىخارامان، خالىغانچە ياشىماقتىمەن. چىرايلىك، ئەھمىيەتلىك كۆرۈنۈش كۆپلىگەن گۈزەل، ئۈمىدلىك خىيالىرىمغا ۋەسلە بولدى. ئىلىم ئىزدەپ چىققان مۇساپىر يىگىتنىڭ روھى ۋە ئۇنى مەركەز قىلىپ ساغلام، خاتىرجەم ياشاۋاتقان خوتۇن-بالىسىنىڭ پاك، گۈزەل ھالەتلىرى پېقىرنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى. ئاللاھ مېنى بىر ياخشى ئىنسانغا، بەلەن كىتابلارغا ئۇچراشتۇردى، بەلكى بىر دوستقا، ھەمراھ بىلىمگە ئېرىشتۈردى .

مۇساپىر يىگىتنىڭ ئۆيىدە ئايالىنىڭ ئوخشىتىپ ئەتكەن لەغمىنىدىن ئىككى قاچا يەۋەتتىم؛ بۈگۈن ئالدىن ماڭغان باشلىقىمغا تېلېفوندا خوش دەپ قويۇپ تىنجىدىم. تىنچسىز مۇناسىۋەت، يوقىلاڭ ئەنسىرەش بېكىنمە كەيپىياتىمنى ۋاشاڭ قىلىدۇ. روھىم شۇنچىلىك تالان-تاراج بولىدۇكى، ئۆزەمگە ھېچنېمە قالمىغاندەك بىلىنىدۇ. قۇرۇقدىلىپ تۇرىمەن، ۋاقتىم ئوغرىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۆزەمگە ئىگە بولۇشقا كۈچەپ كەتسەم شەخسىيەتچى دەپ ئاتىلىمەن. كاللام قىززىپ كەتكەندە ئالغان توقام ماللارنى ئارتۇق يۈك قىلمىغىنىمغا خۇرسەن بولدۇم،

يۈكلەر مېڭىپ كەتتى. چۈمۈلىدەك مىدىرلاپ تەرەپ-تەرەپكە قاتراپ ئالغان ماللىرىمىز بىراقلا يوقاپ كەتسە تۈگىشىپ كېتەرمىزمۇ؟ ئالغان بىر نەرسىلىرىمىزگە كىملەر قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر؟ ئاللاھنى ئۇنتۇپ، ماددىغا بېرىلىپ كەتكەن مەخلۇق قانچىلىك ئۇزاق ھۇزۇرلىنىپ كېتەر؟ ئۇيقۇم ئازلاپ كەتتى، چۈش زۇلمەتكە ئايلاندى، روھىم غەلياندا، تىنقىلىرىم ئىسياندا، شەھۋىتىم شەيتاندا، بىخەستىلىك ھەر ياندا، چۈنكى كاللا بەزىدە ھەممىگە يېتىشىپ بولالمايدۇ، ئىنكاسى تېز ئادەممۇ گاھىدا دۆتلىشىپ قالىدۇ، كۆپ ماڭدىم، ھارمىدىم، مال غەۋغاسى يامان چىقىپ كەتتى، خۇپتەننى راھەت ئوقۇدۇم، ھەرەم مەسچىتى ئەسلىمىسى دىلىمنى تەقۋالىقتا مۆھۈرلىگەي، بارچە ياخشىلىق، گۈزەللىك پەرۋەردىگارىمنىڭ ئېلىدە، ھەر ۋاقىت ئاللاھ دەپ تۇرۇش كېرەك. ئەزان ساداسى مەڭگۈلۈك چاقىرىق، ئەتىدىن باشلاپ بۇ يەردىن كۆچىمىز، ئەزان ئەۋازى بۇ يەردىكىدەك جاراڭلىمايدىغان شەھەرگە قايتىمىز؛ ئۆي، خوتۇن، ئىدارە قوينىغا كىرىپ كېتىمىز، سىغىناقلىرىمىز تەۋرەپ تۇرىدىغان ئاجىز كۆلبە، ئىمانىمنىڭ سۈسلۈقى تۈپەيلىدىن ۋۇجۇدۇمنىڭ بىر يەرلىرىدىن ھايۋانىيلىق سىرغىپ تۇرىدۇ. نامازنى خۇشۇ بىلەن ئوقۇش ئۆمرۈمدىكى ئەڭ چوڭ دەردىم، غايەم بولۇشى كېرەك. كاللامنى ھەقىقي بەخت، سالىھ ئەمەل تەرەپكە يۆنىلەندۈرۈشۈم لازىم.

ئەتراپىم تىكەنلىك بولسىمۇ روھىم گۈلدەك بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىشى كېرەك .

ھېساب-كىتاب ئېچىمنى مالىمان قىلىپ توختاپ قالدى، ماددىغا بۇ ئەزىز روھىمنى دەپسەندە قىلدۇرماسلىقىم كېرەك. بۇ مەنىۋىيەت كامالىتىنىڭ تۈپ ئاساسى ھەم بەختلىك ياشاشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى.

شائىر دوستۇم بىلەن مەككە يېنىدا پاراڭلىشىپ خوشلاشتىم. ئەدەبىيات ئىشقى چوڭقۇرلۇقتا قاراپ مېڭىشى كېرەك، قانداق چوڭقۇر يېزىش كېرەك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن بىلىم، ساۋاق، مول تەسىرات ئېلىش كېرەك؛ كىتاب بىردىنبىر بۇلاق ئەمەس، تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئوخچۇپ تۇرغان بۇلاق بار..ئەدەبىيات، كىتاب ئىشقى ھاياتىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى بېزەيدۇ ياكى قوپال، قاباھەتلىك

يېرىنى بېزەپ گۈزەل قىلىدۇ. ئەدەبىيات ساپ سەنئەت، ھىدايەت، مەرىپەت، چوڭقۇر ئىدىيۋى گۈزەللىك، ئىزگۈلۈككە ئىگە بولۇشى كېرەك دەپ قارىدۇق. ئېتىقادىمىز باش پرىنسىپ، ئىجادىيەت روھىمىز ئىزگۈلۈكتىن ئايرىلمىغان ھالدا تەپەككۇر ئوربېتامىزدا ئايلانغۇسى. ھىدايەت، مەرىپەتكە يۈزلەنسەك قەلبىمىز يورۇيدۇ، بۇ نۇر ئاستىدا يېزىقچىلىق قىلساق زالالەتكە، زۇلمەتكە قالمايمىز، ئاق قەغەزگە يۈز كېلەلەيمىز، قەلب ھۇزۇرىغا ئازراق بولسىمۇ ئېرىشەلەيمىز. مەيلى قانداق بولسۇن، ھەددىمىزدىن ئاشمايلى، ئۆزىمىزگە زۇلۇم سالمايلى، تارتقان ئازابلىرىمىز ئاساسەن ئۆزىمىزدىن كەلگەن ھەم كېلىۋاتىدۇ. زالىم ۋە مەزلۇم ۋۇجۇدىمىزدا بىرىككەن. بىز شۇنداق زىددىيەتلىك مەخلۇق؛ تېنىمىزنىڭ قاتلام-قاتلاملىرىدا قېنىمىز بىلەن تەڭ ئايلىنىپ يايراپ يۈرگەن شەيتان ئۇنسۇرلىرى شېكەر يالىتىلغان زەھەرلىك ئوقنى ئېلىپ بىزگە چەنلەپ ئېتىپ تۇرىدۇ؛ چىۋىنلار ئەدەپ كەتتى، مازاق كۈلكىلىرى بىچارىلىكنى ياپالمايدۇ. نۇرغۇن ئىشلارغا ۋاقىت ئېنىقلىما بېرىدۇ. ئەتە ئايرىلىمىز، كەچمىشلىرىمىنىڭ خىرە ئەسلىمىلىرى مۇشۇ يەردە قالىدۇ، ئۇيقۇمۇ تۈگەيدۇ، تېنىمىز جېنىمىزنى زورلايدۇ، ماددا بىلەن روھ ھەققىدە تۈزۈك بىلمىمىز يوق، بىلمىسىزمۇ ياشاۋېرىمىز .

مەسجىدىل ھەرامدا ئىبادەت قىلىپ، ئىبادەت قىلىپ ھارغاندا مۇزدەك زەم-زەم سۈيى ئىچىپ، ئاندىن مەر-مەر تېشىنىڭ ئۈستىدىكى گىلەمدە ئوڭدا يېتىپ، مۇشۇ پېتى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق دەپ ئويلاپ قالىمىز. ئاللاھ بۇ جاي، بۇ ماكاننى مۇشۇنداق ئەمىن قىلغان. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 ئەتراپىدا، پارلاك كۈن نۇرىغا چۈمۈلۈپ، ۋىدالىشىش تاۋابىنى تۈگىتىپ كۆزۈم قىيمىغان ھالدا بۇ ئەزىز ماكاندىن خوشلاشتىم .

بۇ يىلقى ھەج سەپىرىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 47 جۈڭگولۇق ھاجى قازا قىلدى.

(تۈگىدى)